
جامىئۇل ھېكايات
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

الجامع ربانی

# جامع الحکایات

شمع حیات خانقاہ نوریہ شریف بجاری

# مۇندەرىجە

پادىشاھ ئازادە بەخت ۋە بەختىيار ھېكايىسى ......... 1
ئەقىل پادىشاھنىڭ قۇشى ............................ 13
بەختى يانغان سودىگەر .............................. 16
ھەلەب شاھزادىسى ............................ 23
ئەبۇ سابىر .............................................. 31
يەمەن شاھى ۋە ئەبرىھە ........................ 37
دادبىن شاھ بىلەن ئىككى ۋەزىر .................. 46
ئىراق پادىشاھىنىڭ قىزى ........................... 57
گۆھەر پۇرۇش ........................................ 70
ئەبۇئام .................................................. 81
ھۇججاج ................................................. 89
شاھ كابۇلنىڭ ھېكايىسى ......................... 98
پەررۇخ بەختىنىڭ ھېكايىسى ...................... 116
ئوتۇنچى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھېكايىسى .......... 131
خوجا ۋاپا بىلەن مېھرى بۇۋىنىڭ ھېكايىسى ......... 148
ئالتۇن توخۇنىڭ ھېكايىسى ........................ 171

# پادىشاھ ئازادە بەخت ۋە بەختىيار ھېكايىسى

ئۆتكەن زاماندا شەھرىستان شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ تاجىسى گۆھەر بىلەن بېزەلگەن، تەختى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن، لەشكىرى مۇكەممەل جابدۇلغان، پادىشاھلىق ئىشلىرى ياخشى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنى پادىشاھ ئازادە بەخت دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئون ۋەزىرى بار بولۇپ، پادىشاھ ئۇلاردىن بىر سائەتمۇ ئايرىلمايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى تۇيۇقسىز يېغىلىق بولۇپ، پادىشاھ ئازادە بەخت بىلەن خوتۇنى ئىككىسى ئارانلا جېنىنى ئېلىپ باياۋان تەرەپكە قېچىپتۇ. بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنى ھامىلدار ئىكەن، يولدا تۇغۇپ قويۇپتۇ. قارىسا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئىكەن. بىراق دۈشمەن قوغلاپ كېلىۋاتقانىكەن. ئازادە بەخت بىلەن خوتۇنى بوۋاقنى تاشلاشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار بالىنى زەرباپ يۆگەككە ئوراپ، بىر قولىغا يەتتە دانە مەرۋايىتنى باغلاپ تاشلاپ قويۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار - زار يىغلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. مېڭىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كىرمان ① دىيارىغا يېتىپ بېرىپتۇ.

«پادىشاھ ئازادە بەخت قەدەم رەنجىدە قىلىپ كىرمان دىيارىغا كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان كىرمان پادىشاھى ۋەزىر - ئەمىرلەر، دۆلەت ئەركانلىرى ھەم بارلىق

---

① ھازىرقى ئىراننىڭ كىرمانشاھ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى كىرمانشاھ شەھىرى — ت.

ھەممىگە كىرىپ تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى مەككار، پىتنىخور ۋەزىرلەر بىر ـ بىردىن كېلىپ تەخت تۈۋىدە پادىشاھ قېشىدا تۇرۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى، باشقىلاردىن چوڭراق ئىكەن. ئۇ ۋەزىر پادىشاھنى ماختاشقا ئېغىز ئېچىپتۇ:

«بۈگۈن مەن ھەزرەتلىرىنى غەمكىن ۋە پەرىشان كۆرىمەنغۇ؟ كۆڭۈللىرىدە ھەر نېمە بولسىلا ئېيتسىلا، بىزدەك قۇللىرىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلسىلا، بىز قولىمىزدىن كەلگىنىچە تەدبىر كۆرەيلى. ئەگەر بىرەر تەدبىر قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، دۇئا ۋە سەدىقە بىلەن بىرەر ئامال تاپارمىز.»

«ھەي ۋەزىرلەر، مەن ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان بىر ئاجايىپ ۋەقەگە دۇچ كەلدىم» دەپتۇ پادىشاھ ئازادە بەخت. ۋەزىرلەر بەختىياردىن بىر گۇناھ سادىر بولغانلىقىنى پەملەپتۇ. كۆڭۈللىرىدە «ئەمدى بەختىيارنىڭ مىڭ جېنى بولسا بىرىمۇ قۇتۇلالمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ، پادىشاھقا بولسا:

«ئى پادىشاھى ئالەم! ئۇ كىشى قۇملۇقتا ۋە جاڭگاللىقلاردا يول توسۇپ، ئوغرىلىق ھەم قاراقچىلىق قىلىپ، ناھەق خۇن تۆككەن ئادەم. ھەرگىز پادىشاھنىڭ ئوردا خىزمەتلىرىگە لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇ بەختۇيلۇقنى تېخى تاشلىمىغان. بىز ئېيتالماي يۈرەتتۇق. ئۇ ئوغرىنىڭ بالىسىغا دۆلەت ياراشمايدىغانلىقى ئەمدى ئاشكارا بولۇپتۇ. ئەمدى پەرمان بەرسىلە، ئۇنى خار ـ زارلىق بىلەن ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئالەم خەلقى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ھېچكىم بۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە بىئەدەپلىك قىلمايدىغان بولسۇن» دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ ئازادە بەخت بەختىيارنى دەرھال كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. بەختىيارنى دەرھال كەلتۈرۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا

قىلىسەن، تۇر ئورنۇڭدىن ! »
بەختىيار كۆزىنى ئېچىپتۇ، مەستلىكتە پەرق ئەتمەي پادىشاھنىڭ كۆكسىگە بىر مۇشت ئۇرۇپتۇ ـ دە، يەنە يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئازادە بەخت دەرغەزەپ بىلەن: « بەختىيارنى تۇتۇڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇنى دەرھال تۇتۇپ باغلاپ قويۇشۇپتۇ. پادىشاھ مەلىكە قېشىغا كىرىپتۇ ۋە دەپتۇ:
« نېمە ئىش قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن مەلىكە. ئەمدى مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ مېنىڭ قولۇمدىن قۇتۇلالمايسەن، راستىڭنى ئېيت بەختىيار بۇ كېچىدە ھەرەم ئىچىدە نېمە قىلىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن تەخت ئۈستىدە قىلىچ تۇتۇپ تۇرىدۇ ؟ »
مەلىكە پادىشاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئەجەبلىنىپ:
« ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن پادىشاھىم، مەن بۇ ئىشتىن بىخەۋەرمەن » دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

مەن بۇ ئىشتا بىئەيىبمەن، بىخەۋەر،
ئەپۇ قىلغىن ئەدلى قىلساڭ سەن ئەگەر.
مەن زەئىپ بىچارىدە يوقتۇر گۇناھ،
سۆزلىرىمنىڭ راستلىقىنى بىلگەي خۇدا.

« ئى پادىشاھى ئالەم ماڭا پۇرسەت بېرىڭ. تاڭ ئاتسۇن، كېچە ـ كۈندۈزگە ئالماشسۇن. بۇ ئىشنى تەھقىقلەيلى » دەپتۇ ۋە يىغلاپتۇ. پادىشاھ ئازادە بەخت غەزەپلىنىپ مەلىكە قېشىدىن تاشقىرى چىقىپتۇ ۋە كېچىچە: « بۇ ئىشنى قانداق قىلماق ۋە كىمگە ئېيتماق، ئاما خاسقا قانداق ئاڭلاتماق كېرەك » دەپ ئويلاپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندا پادىشاھ ئازادە بەخت

قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھىممىتى مەۋج ئۇرۇپ، ئۆزىنى كارۋانلارغا ئۇرۇپتۇ. كارۋانلارنىڭ بىرنەچچىسى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بىرنەچچىسى قېچىپتۇ. شۇ ئەسنادا خەددادنىڭ ئىتىنىڭ پۇتى چاشقاننىڭ ئۇۋىسىغا پېتىپ قېلىپ يىقىلىپتۇ ـ دە، كارۋانلار دەرھال كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كارۋانلار ئۇنى پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ ۋە ئۇنى ئارىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ كۆزى خەددادنىڭ جامالىغا چۈشۈپ، ئاتىلىق مېھرى قوزغىلىپ «مېنىڭ پەرزەنتىم بولغان بولسىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بولغان بولاتتى» دەپ غەمكىن بولۇپتۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.

«ھەي ئوغۇل، ئېتىڭ نېمە؟» دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئازادە بەخت.

خەدداد: «مېنىڭ ئېتىم خەدداد» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

ئەي خەلقپەرۋەر مەرھەمەتلىك شاھ،
مېنىڭ سىرىمدىن خۇدادۇر ئاگاھ.
ھەرگىز ئەمەسمەن بۇ ئىشقا رازى،
بولسام بولايكى قۇلۇڭغا رازى.
بىلگىنكى، ماڭا تەقدىرۇ قازا،
سالدى مۇشۇنداق كۈلپەتۇ جازا.

خەدداد بۇلبۇلدەك نالە قىلىپ، يەنە:

«خۇدايىتائاللا ئۆزى گۇۋاھ، ئى پادىشاھى ئالەم. بۇ

تەينىلەپتۇ. ئىنىكئانىسى ئۇنى بېقىپ پەرۋىش قىپتۇ. بۇ ئوغۇل تۆت ياشقا كىرگەندە سۇتتىن ئايرىپتۇ. كېيىن مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئاز ۋاقىت ئىچىندە شۇنداق ئىلىم، ئەدەپ ۋە خەت ـ ساۋات ئۆگىنىپتۇكى، ئۆز دېمەتلىكلىرىنىڭ ئىچىدە تەڭداشسىز بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تىغۋازلىق ئىلمىدىن تەلىم ئاپتۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن شۇنداق بىر باتۇر بولۇپ يېتىشىپتۇكى، غەيرەت ـ شىجائەتتە 100 باتۇردىن ئارتۇق ئىكەن.

فەررۇخ سۇۋار ئۇنى ئۆزىدىن بىردەممۇ نېرى قىلماي، بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن؛ ھەرقانداق جايدا سودىگەر ۋە مۇساپىر ـ مۇجاپىرلار بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ پۇل ـ ماللىرىنى ئالىدىكەن. خەدداد ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن يىرگىنىپ: «بۇنداق يامان ئىشنى قىلماڭلار. بۇ خالايىقلارنىڭ ھالىغا رەھىم قىلىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن، ئەمما ئۇلار قۇلاق سالمايدىكەن. بىر كۈنى فەررۇخ سۇۋار ئوغرىلار بىلەن بىر تەرەپكە قاراقچىلىق قىلىشقا بارماقچى بوپتۇ. خەدداد ئۇنىڭغا: «ھەي ئاتا، قاراقچىلىققا بارسىڭىز، بۇ ئىشىڭىزنى زادىلا ياقتۇرمايمەن. سىزدىن تىلەيمەنكى، مېنى ئۆيدە قويۇپ بېرىڭ. مەن ئۆيىنى ۋە مال ـ دۇنيالارنى ساقلاپ تۇراي» دەپتۇ. ئاتىسى: «جېنىم بالام، سىزنى بىردەم كۆرمىسەم يورۇق جاھان كۆزۈمگە قاراڭغۇ بولىدۇ. سىزنىڭ قۇۋۋىتىڭىز بىلەن بىز ھەر يەرگە بارساق كارۋانلارغا غالىب كېلىمىز، سىزگە ياقمىسىمۇ بىز بىلەن بىللە بېرىڭ» دەپتۇ. شۇ سۆز بىلەن ئۇلار مېڭىپ كارۋانلارغا يېتىپتۇ. ئەمما كارۋانلار كۆپ ئىكەن. فەررۇخ سۇۋار ئۇلارغا غالىب كېلىش ئۈچۈن ھەر قانچە ھەرىكەت قىلسىمۇ كۈچى يەتمەپتۇ. ئاخىر كارۋانلار بۇلارغا غالىب كەپتۇ. فەررۇخ سۇۋار زەخىملىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار قاچماقچى بولۇشۇپتۇ. خەدداد قاراقچىلارنىڭ يېڭىلىپ

ھەرەمگە كىرىپ تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى مەككار، پىتنىخور ۋەزىرلەر بىر - بىردىن كېلىپ تەخت تۈۋىدە پادىشاھ قېشىدا تۇرۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى، باشقىلاردىن چوڭراق ئىكەن. ئۇ ۋەزىر پادىشاھنى ماختاشقا ئېغىز ئېچىپتۇ:

«بۈگۈن مەن ھەزرەتلىرىنى غەمكىن ۋە پەرىشان كۆرىمەنغۇ؟ كۆڭۈللىرىدە ھەر نېمە بولسىلا ئېيتسىلا، بىزدەك قۇللىرىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلسىلا. بىز قولىمىزدىن كەلگىنىچە تەدبىر كۆرەيلى. ئەگەر بىرەر تەدبىر قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، دۇئا ۋە سەدىقە بىلەن بىرەر ئامال تاپاتتۇق.»

«ھەي ۋەزىرلەر، مەن ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان بىر ئاجايىپ ۋەقەگە دۇچ كەلدىم» دەپتۇ پادىشاھ ئازادە بەخت، ۋەزىرلەر بەختىياردىن بىر گۇناھ سادىر بولغانلىقىنى پەملەپتۇ. كۆڭۈللىرىدە «ئەمدى بەختىيارنىڭ مىڭ جېنى بولسا بىرىمۇ قۇتۇلالمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ، پادىشاھقا بولسا:

«ئى پادىشاھى ئالەم! ئۇ كىشى قۇملۇقتا ۋە جاڭگاللىقلاردا يول توسۇپ، ئوغرىلىق ھەم قاراقچىلىق قىلىپ، ناھەق خۇن تۆككەن ئادەم. ھەرگىز پادىشاھنىڭ ئوردا خىزمەتلىرىگە لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇ بەتخۇيلۇقنى تېخى تاشلىمىغان. بىز ئېيتالماي يۈرەتتۇق. ئۇ ئوغرىنىڭ بالىسىغا دۆلەت ياراشمايدىغانلىقى ئەمدى ئاشكارا بولۇپتۇ. ئەمدى پەرمان بەرسىلە، ئۇنى خار - زارلىق بىلەن ئۆلتۈرۈشمىز كېرەك. ئالەم خەلقى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ھېچكىم بۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە بىئەدەپلىك قىلمايدىغان بولسۇن» دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ ئازادە بەخت بەختىيارنى دەرھال كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. بەختىيارنى دەرھال كەلتۈرۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا

قىلسەن، تۇر ئورنۇڭدىن ! »
بەختىيار كۆزىنى ئېچىپتۇ، مەستلىكتە پەرق ئەتمەي پادىشاھنىڭ كۆكسىگە بىر مۇشت ئۇرۇپتۇ ـ دە، يەنە يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئازادە بەخت دەرغەزەپ بىلەن: « بەختىيارنى تۇتۇڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇنى دەرھال تۇتۇپ باغلاپ قويۇشۇپتۇ. پادىشاھ مەلىكە قېشىغا كىرىپتۇ ۋە دەپتۇ:
« نېمە ئىش قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن مەلىكە. ئەمدى مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ مېنىڭ قولۇمدىن قۇتۇلالمايسەن، راستىڭنى ئېيت بەختىيار بۇ كېچىدە ھەرەم ئىچىدە نېمە قىلىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن تەخت ئۈستىدە قىلىچ تۇتۇپ تۇرىدۇ ؟ »
مەلىكە پادىشاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئەجەبلىنىپ:
« ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن پادىشاھىم، مەن بۇ ئىشتىن بىخەۋەرمەن » دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

مەن بۇ ئىشتا بىئەيىبمەن، بىخەۋەر،
ئەپۇ قىلغىن ئەدلى قىلساڭ سەن ئەگەر.
مەن زەئىپ بىچارىدە يوقتۇر گۇناھ،
سۆزلىرىمنىڭ راستلىقىنى بىلگەي خۇدا.

« ئى پادىشاھى ئالەم ماڭا پۇرسەت بېرىڭ. تاڭ ئاتسۇن، كېچە ـ كۈندۈزگە ئالماشسۇن. بۇ ئىشنى تەھقىقلەيلى » دەپتۇ ۋە يىغلاپتۇ. پادىشاھ ئازادە بەخت غەزەپلىنىپ مەلىكە قېشىدىن تاشقىرى چىقىپتۇ ۋە كېچىچە: « بۇ ئىشنى قانداق قىلماق ۋە كىمگە ئېيتماق، ئامما خاسقا قانداق ئاڭلاتماق كېرەك » دەپ ئويلاپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندا پادىشاھ ئازادە بەخت

پەرىشان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ماقۇل كەلگۇدەك بىر جاۋاب بېرىپ بۇ تۆھمەتتىن قۇتۇلۇشىڭىز كېرەك. ئەمدى بۇ ئىشنى پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلسۇن دېسىڭىز، مۇنداق بىر مەسلىھەت كۆرسىتەي: سىزگە مەن نېمە دېسەم، سىزمۇ پادىشاھقا شۇنى دەيسىز. مەن سىزنى ئۆز بالامدەك كۆرىمەن. شۇڭا بۇ ئىشتىن مېنىڭمۇ دىلىم رەنجىپ قالدى. ئەگەر پادىشاھ سىزدىن: بۇ قانداق ۋەقە؟ دەپ سورىسا، سىز: ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ ئوغرىنىڭ بالىسىغا بۇ يەردە نېمە بار؟ نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكەلدىڭ؟ ۋە نېمىشقا بەختىيار دەپ ئات قويدۇڭ؟ يەنە نېمىشقا خەزىنىچى قىلىپ قويۇپ خەزىنىنىڭ قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇڭ؟ نېمىشقا ئۇنى ھەرەمگە مەھرەم قىلدىڭ؟ ئۇنى تېگى پەس، يامان خىياللارنى قىلىپ ‹ ماڭا ئاشنا بولسۇن، ماڭا بويسۇنسۇن، ئەگەر ئۇنىمىسا پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنى ئۆزۈمنىڭ قىلىمەن › دەپ نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن، دەڭ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىسا ئەلۋەتتە ئۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرىدۇ-دە، سىزدىن بۇ بەتنام كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. چوقۇم مۇشۇنداق دەڭ.» مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ:

«ھەي مەككار ۋەزىر، خۇدادىن قورقامسەن؟ ماڭا ئاشۇ بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىن دەۋاتىسىنا؟ مەن بۇ ئىشتىن بىخەۋەر تۇرسام ئۆزۈمگە ئۆزۈم قانداق تۆھمەت قىلاي؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

«ھەي مەلىكە، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرمەك مۇباھدۇر ①. نېمىشقا دېسىڭىز ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى ئوغرىلىق قىلىپ، ناھەق خۇن تۆككەن. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرگەننىڭ ھېچ

① شەرىئەتتىكى 8 ئەمەلنىڭ بىرى. قىلسا گۇناھمۇ بولمايدىغان، ساۋابمۇ بولمايدىغان ئىشلار مۇباھ دېيىلىدۇ.

قاراپ دەپتۇ : « ھەي بەختىيار ! مەن سېنىڭ جېنىڭنى قۇتقۇزدۇم ۋە ئۆزۈمگە يېقىن قىلدىم . سېنىڭ ئىسمىڭ خەدداد ئىكەن ، مەن بەختىيار دەپ ئات قويدۇم ، ھەممە بەگلەر ئىچىدە سېنى مۆتىۋەر قىلدىم ۋە ھەرەمگە مەھرەم قىلدىم . ئەمما سەن بۇ ياخشىلىققا جاۋابەن خىيانەت قىلدىڭ ، كېچە كىرىپ ، مېنى ئۆلتۈرەي دەپ قەست قىلىپ ، تەخت ئۈستىدە بېشىڭدا قىلىچ قويۇپ يېتىپسەنغۇ ؟ »

« بۇ — نېمە دېگەنلىرى ، پادىشاھى ئالەم ؟ بۇنداق ۋەقەدىن خەۋىرىم يوق . ئەمما ھەزرەتلىرى بۇنداق دەۋاتقاندىن كېيىن ، پەرمانلىرىغا بويسۇنىمەن . پادىشاھى ئالەم ، بۇنداق ئىشلار مەستلەردە كۆپ يۈز بېرىدۇ . ئۆيۈمگە بارغۇچە يولدا بىرەر ئادەم زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىسۇن دەپ خىيال قىلىپ تەخت ئۈستىدە يېتىپ قالغان بولۇشۇم ئېھتىمال . ئەمما ئۆزۈم ئۇقمايمەن ، بۇ ئەھۋالدىن بىخەۋەرمەن » دەپتۇ بەختىيار .

چوڭ ۋەزىر شۇنداق دەپتۇ : « پادىشاھى ئالەم ! ئەگەر ئىجازەت بەرسىلە مەن كىرىپ مەلىكىدىن بۇ ئىشنىڭ راستىنى ئېنىقلاپ چىقسام ، ئىشنىڭ ئەسلى قانداقراق ئىدىكىن ؟ »

پادىشاھ ئىجازەت بېرىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر مەلىكە قېشىغا كىرىپ تەزىم قىپتۇ .

« سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئاجايىپ يامان سۆزلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ ! » دەپتۇ ۋەزىر .

مەلىكە خىجىل بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سايتۇ ۋە « مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق ، مەن بۇ ئىشتا بىگۇناھ مەن » دەپتۇ .

« ھەي مەلىكە ! — دەپتۇ ۋەزىر ، — ئەگەر بۇ ئىشتا 100 ئادەم گۇۋاھلىق بەرسىمۇ پادىشاھ ھېچقايسىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدۇ . بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەمكىن ، خاتىرى

دۈشمەنىڭ قىلسۇن ساڭا ئىتائەت .
مەڭگۈ بەختلىك ئۆمۈر سۈرگەيسەن ،
قىلغان دۇئايىڭ بولسۇن ئىجابەت .

« بۇ ئوغرىنىڭ ئىشىنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىش كېرەك پادىشاھى ئالەم . بۇ ۋەقە خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتمىسۇن ھەم باشقا پادىشاھ ۋە شاھزادىلەرنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ قالمىسۇن . ئەگەر خالايىقلار ئاڭلىسا ، سىزنى ۋە مەلىكىنى نېمە دەيدۇ ؟ »

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ بەختىيارنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ . بەختىيارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىشىپتۇ .

« ھەي بەختىيار ، سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى ، پۈتۈن خەلقى ئالەم سەندىن ئىبرەت ئالىدىغان بولسۇن » دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن .

بەختىيار دۇئاغا تىل ئېچىپتۇ ۋە : « مەن بىگۇناھمەن ، پادىشاھى ئالەم ! ئەمما بۇ ۋەقە ئەقىل پادىشاھنىڭ قۇشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ . ئۇ پادىشاھ لەشكىرىدىن ئايرىلدى ، تەشنالىق غالىب كېلىپ قۇشنى تاشقا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى . ئاندىن كېيىن كۆپ پۇشايمان ۋە نادامەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ پايدا بەرمىدى » دەپتۇ .

« ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن » دەپ سوراپتۇ پادىشاھ .

بەختىيار ئۇ ھېكايىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ .

## ئەقىل پادىشاھنىڭ قۇشى

ئەي پادىشاھى ئەلەم ، تارىخ سەھىپىلىرىدە شۇنداق كەلتۈرۈپتۇكى : شان - شەۋكەتلىك ۋە ناھايىتى ئىززەت -

زىيىنى يوق . ئەگەر ھەرقانداق گۇناھ بولىدىغان بولسا ماڭا بولسۇن . »

مەلىكە بىردەم خىيال سۈرۈپ « قانداق قىلساڭ ئۆزۈڭ بىلىپ قىل ، ئىشقىلىپ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تۆمۈر تىرنىقى سىېنىڭ ياقاڭدا بولسۇن » دەپتۇ . ھارامزادە ۋەزىر مەلىكىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە بۇ بېيتنى ئوقۇپتۇ :

بەردى ئۈمىدىم زەپەر يولۇمغا ،
دۈشمىنىم چۈشتى ئەمدى قولۇمغا .

ھارامزادە ۋەزىر مەلىكىگە ئېيتقان سۆزنى بىر ـ بىرلەپ پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتۇ . مەلىكە كەلگەندىن كېيىن ، پادىشاھ مەلىكىدىن بۇ گەپنى سوراپتۇ . مەلىكمۇ ۋەزىر قانداق ئۆگەتكەن بولسا شۇنداق سۆزلەپتۇ . پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ بۇيرۇپتۇ :

« بەختىيار زىندانغا تاشلانسۇن ئەتە دارغا ئېسىلسۇن . ھەممە خالايىق ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم پادىشاھنىڭ ھەرەمگە يامان نىيەت قىلمايدىغان بولسۇن . »

ۋەزىرلەر پادىشاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەختىيارنى ئەتە ئۆلتۈرىدىغان بولدۇق دەپ خۇشال بولۇشۇپ ، ئۆي ـ ئۆيلىرىگە كېتىشىپتۇ . لېكىن مەلىك شاھ دېگەن بىرىنچى ۋەزىر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ ، پادىشاھنى ماختاپ ، سۆزنى نەزمە بىلەن باشلاپتۇ :

سەلتەنەتىڭگە زەپەر يار بولسۇن ،

ئۆلۈپتۇ. پادىشاھ پىيادە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. قارىسا بىر ئەجدىھا ياتقانىكەن. ئۇ ئەجدىھا بىر تاغ تېكىسىنى دەم تارتقان بولۇپ، تېكىنىڭ مۈڭگۈزى ئاغزىدىن پاتماي ئۆلۈپ قالغانىكەن. تېمىپ تۇرغان سۇ ئەجدىھانىڭ زەھىرى ئىكەن. پادىشاھ بۇ ئىشنى كۆرگەندىن كېيىن ياقىسىنى يىرتىپ پارە ـ پارە قىپتۇ. قۇشنىڭ ئۆلگىنىگە كۆپ پۇشايمان ۋە ھەسرەتلەرنى قىلسىمۇ پۇشايمان پايدا بەرمەپتۇ. ئاخىرى لەشكەرلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن تا ئۆلگۈچە ئاشۇ قۇشنىڭ ھەسرىتىدە كۆيىدىكەن. ئۇ ئىش ھېچقاچان ئېسىدىن كەتمەيدىكەن.

بەختىيار ھېكايىسىنى تۈگىتىپ شۇنداق دەپتۇ:

«ئەگەر پادىشاھىم، مېنى ئۆلتۈرسىلە، پات پۇرسەتتە مېنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىم مەلۇم بولسا، ئۇ چاغدا ھەسرەت ـ نادامەت پايدا بەرمەيدۇ.»

پادىشاھقا بۇ سۆز يېقىپتۇ. بەختىيارنى ئەتە ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى نۇرۇزشاھ دېگەن يەنە بىر ۋەزىر پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. دۇئا ۋە ماختاشلاردىن كېيىن: «ئۆمرىڭىز ئۇزۇن ۋە دوستلىرىڭىز زىيادە بولسۇن پادىشاھى ئالەم، بۇ ئوغرىنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭ خىيانىتى پاش بولۇپ، باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىشتىن ئىلگىرى پاتراق بىر تەرەپ قىلماق كېرەك» دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ.

پادىشاھ بەختىيارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بەختىيار كەلگەندىن كېيىن:

«ھەي بەختىيار دېگەن تۇزكور قىلغۇر، سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى، ھەممە خالايىققا ئىبرەت ۋە پەندىيات بولسۇن» دەپتۇ.

«ئى پادىشاھى ئالەم! ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، بىر

ھۆرمەتلىك بىر پادىشاھ بار ئىكەن . ئۇنىڭ نامى ئەقىل ئىكەن . بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىشنى خالاپ قاپتۇ ـ دە ، قىرىق كۈنلۈك شىكارغا چىقىشقا پەرمان بېرىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ھەممە لەشكەرلىرى شىكارغا چىقىپ ، 20 كۈن شىكار قىپتۇ . 21 ـ كۈنى كېيىك ئوۋلاشقا ئاتلىنىپ ، بىر چوڭ باياۋاننىڭ كېيىكلەرنى قورشاپ ئوتتۇرىغا ئاپتۇ . پادىشاھ « ھەر كىمنىڭ ئالدىدىن كېيىك قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتسە ، ئۇنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىمەن » دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ، بارلىق لەشكەرلەر ھەممە كېيىكلەرى قورشىۋاپتۇ . لېكىن تۇيۇقسىزدىن بىر كېيىك پادىشاھنىڭ ئالدىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ . پادىشاھ : « مېنىڭ ئارقامدىن ھېچكىم كەلمىسۇن . بۇ كېيىكنى ئۆزۈم يالغۇز ئىزدەيمەن » دەپ بۇيرۇق بېرىپ ، قولىدا قۇشىنى تۇتقان ھالدا ، كېيىكنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ . قوغلاپ ئالتە پەرسەخ يەرگە بېرىپتۇ ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئاغزى قۇرۇپ كەتكەندە ، بىر تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ ، كېيىك شۇ تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ ، پادىشاھ كېيىكنى تاپالمىغانلىقى ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشقا ھېچ ئىلاج تاپالماي ھالىدىن كېتىپتۇ ، ئىچكىلى بىر يۇتۇم سۇ تاپالماي ، ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ قارىسا ، تاغنىڭ بىر كامىرىدىن تامچىلاپ سۇ تېمىپ تۇرغانىكەن . پادىشاھ دەرھال يېنىدىن ئالتۇن جام چىقىرىپ سۇغا تۇتۇپتۇ ، بىر ھازادىن كېيىن جام تولۇپتۇ . پادىشاھ سۇنى ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا قولىدىكى قۇش قانىتى بىلەن ئۇرۇپ ، سۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ . پادىشاھ جامنى يەنە تۇتۇپتۇ ، ئۇ جاممۇ بىر ھازادا تولۇپتۇ ، ئىچەي دەپ ئاغزىغا ئەكېلىشىگە قۇش قانىتى بىلەن ئۇرۇپ ئۇنىمۇ تۆكۈۋېتىپتۇ . پادىشا ئۈچ مەرتىۋە جامغا سۇ توشقۇزۇپتۇ . ئۈچلا قېتىم قۇش تۆكۈۋېتىپتۇ . پادىشا ناھايىتى ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن ، دەرغەزەپ بولۇپ قۇشنى كۆتۈرۈپ ، يەرگە ئۇرۇپتۇ ، قۇش دەرھال

دالاغا تۆكۈۋېتىپ ، ئامبارنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ . ئاندىن كېيىن سودىگەر ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ : « ئەمدى ھېچ نەرسەم قالمىدى ، مۇشۇ ھويلامنى سېتىپ ، رەخت ـ ماتا ئېلىپ بىر تەرەپكە سودىگەرچىلىككە باراي ، بۇ قېتىمقى سودامدا پايدا كۆرسەم ئەجەب ئەمەس » . شۇ خام تەما بىلەن ھويلا ـ ئاراملىرىنى سېتىپ ، نەچچە كۆپ رەخت ـ ماتالارنى ئېلىپ بىر تەرەپكە راۋان بوپتۇ . يول يۈرۈپ بىر دەريانىڭ لېۋىگە يېتىپ بېرىپتۇ ـ دە ، ئېلىپ بارغان رەختلىرىنى باشقا كارۋانلار بىلەن بىللە كېمىگە سالىپتۇ ، تۇيۇقسىز كېمە غەرق بولۇپ ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھالاك بولۇشۇپتۇ . ئەمما ھېلىقى سودىگەر تۆت كىشى بىلەن بىللە بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە قاپتۇ ۋە سۇ ئىچىدە ئون كۈن لەيلەپ يۈرۈپ 11 ـ كۈنى دەريانىڭ لېۋىگە چىقىپتۇ ، ھەمراھلارنىڭ ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە كېتىپتۇ ، سودىگەرمۇ بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ . يول يۈرۈپ بىر كەنتكە يېتىپ بېرىپتۇ ۋە بىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ قاپتۇ . دەرۋازىغا : « بۇ ھويلىنىڭ ئىگىسى مۇساپىرلارغا دوست ۋە غېرىبلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىدۇر » دېگەن خەت يېزىلغانىكەن . سودىگەر خەتنى ئوقۇپ تۇرسا ھويلىدىن بىر كىشى چىقىپ قېلىپ ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

« ھەي يىگىت ، نەدىن كەلدىڭ ، نەگە بارىسەن ؟ »

سودىگەر بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى باشتىن ـ ئاياغقىچە بايان قىپتۇ . ئۇ كىشى كىرىپ دېھقانغا ئېيتىپتۇ . دېھقاننىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ ، سودىگەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ ئالدىغا تائام كەلتۈرۈپتۇ .

« مېنىڭ قېشىمدا تۇرغىن ، مەن ساڭا بىر يۈرۈش دېھقانچىلىق ئەسۋابلىرى بېرەي ، دېھقانچىلىق قىلغىن ، ئۇنىڭدىن

سۆزۈم بار ئېيتاي ، — دەپتۇ بەختيار ، — خۇدا گۇۋاھتۇركى ، مەن بۇ ئىشتا بىگۇناھمەن . لېكىن مېنىڭ ئىشىم بەختى يانغان سودىگەرگە ئوخشايدۇ . ئۇنىڭمۇ بەختى يانغان ۋاقىتدا ، ئۇنىڭغا جاپا ۋە بالا - قازا يۈزلەنگەنىكەن . »

« سۆزلەپ بەرگىنچۇ ، ئۇ قانداق ئىش ئىكەن » دەپ سوراپتۇ پادىشاھ .

بەختيار سۆزلەشكە باشلاپتۇ .

## بەختى يانغان سودىگەر

تارىخ سەھىپىلىرىدە شۇنداق كەلتۈرۈپتۇكى ، بەسرە شەھىرىدە بىر خوجا سودىگەر بار ئىكەن ، مال - دۇنيالىرى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن . ئۇنىڭدىن ئامەت كېتىپ مېھنەت يۈزلىنىپتۇ ، ھەرقانداق تىجارەت ۋە ھەرقانداق ئىش قىلسا زىيان تارتىۋېرىپتۇ . ئۇ قولىغا ئالتۇن - كۈمۈش ئالسا كۈل بولۇپ قالىدىكەن . بىر يىلى ئاشلىق باھاسى قىممەتلىشىپتۇ . « كېلەر يىلى ئاشلىق تېخىمۇ قىممەتلىشىدۇ ، ماڭا كۆپ پايدا قىلىدۇ » دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇ سودىگەر بارى - يوقىنى سېتىپ ، ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئامبارغا قاچىلاپتۇ بەختكە قارشى ، تاسادىپەن يەنە بىر يىلى ئاشلىق باھاسى ناھايىتى ئەرزانلىشىپ كېتىپ ، ھېچكىم ئاشلىقنى پۇلغا ئالماپتۇ . ئۇ سودىگەرنىڭ ئاشلىقلىرى سېسىپ كېتىپتۇ . ئۇ ئاشلىقنىڭ سېسىقچىلىقىدىن مەھەللە خەلقى : « بۇ سېسىغان ئاشلىقىڭنى بىر تەرەپكە ئېلىپ كەت ياكى توشۇپ چىقىرىۋەت ، ۋە يا بولمىسا بىر تەرەپكە كۆچۈپ كەتكىن » دېيىشىپتۇ . ئۇ بىچارە نائىلاج مەدىكار ئەكېلىپ ، ئاشلىقنى ئاچىقىپ

« بۇرادەر ، ئەمدى باشقا ياقىقا بېرىپ كۆنۈگىنى ئال » دەپ رۇخسەت بېرىپتۇ . سودىگەر خىجىلىلىق ۋە خار ـ زارلىق بىلەن بىر تەرەپكە مېڭىپتۇ ، بىرنەچچە پەرسەخ يول يۈرۈپتۇ ، بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ . قارىسا بىر توپ غەۋۋاسلار [1] ئولتۇرۇشقانىكەن . سودىگەر كېلىپ ئۇلارغا تەزىم قىلىپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ : « نەدىن كېلىۋاتىسىز » دەپ سوراپتۇ غەۋۋاسلار .

سودىگەر بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ . غەۋۋاسلارنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ : «دەرياغا چۆمۈلەيلى ، ھەركىمنىڭ قولىغا نېمە چىقسا بۇ ئادەمگە بېرەيلى » دەپ مەسلىھەتلىشىپ دەرياغا چۆمۈلۈشۈپتۇ ـ دە ، ھەر بىرى بىردىن مەرۋايىت ئېلىپ چىقىشىپتۇ . ئۇنداق مەرۋايىتنى ھېچبىر پادىشاھ كۆرگەن ئەمەس ۋە ھېچ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە ئۇنداق مەرۋايىت بولغان ئەمەس ئىكەن . ئۇلار ھەممە مەرۋايىتنى سودىگەرگە بېرىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن سودىگەر ئۇ گۆھەرلەرنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ . تاسادىپەن يولدا بىر نەچچە ئوغرىلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشۇپتۇ . سودىگەر ئوغرىلاردىن قورقۇپ : « ئۈچ دانە مەرۋايىتنى ئاغزىمغا سېلىۋالاي ، ئۈچ دانىسىنى چاپىنىمغا يوشۇراي ، بولمىسا ئوغرىلارغا بىلىنىپ قالىدۇ » دەپ ئويلاپ ئويلىغىنىنى قىپتۇ . بىر پەس يول يۈرگەندىن كېيىن سودىگەر ئۇلارغا سۆز قىلىشقا توغرا كەپتۇ . ئۇ ئوغرىلارغا قاراپ سۆزلىگەنىكەن ، بىر دانە مەرۋايىت ئاغزىدىن چىقىپ يەرگە چۈشۈپتۇ . ئۇنى كۆرگەن ئوغرىلار : « ھەي سەندە جاۋاھىراتلاردىن يەنە بار ئوخشايدۇ . ھەممىسىنى بىزگە بەرگىن ، بولمىسا ئۆلتۈرىمىز » دەپتۇ . سودىگەر « مەندە ھېچ نەرسە يوق »

---

[1] دەريا ـ دېڭىزلارغا چۆمۈلۈپ مەرۋايىت ئىزدەشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر .

بىرەر نەرسە ھاسىل بولار » دەپتۇ دېھقان.

سودىگەر خۇشال بولۇپ: « ماقۇل! تۇراي » دەپتۇ. شۇ سائەتتىلا دېھقان دېھقانچىلىق ئامبىرىنىڭ قۇلۇپ - ئاچقۇچلىرىنى سودىگەرگە تاپشۇرۇپتۇ. سودىگەر دېھقانچىلىقنى تازا كۆچ چىقىرىپ ئىخلاس بىلەن قىپتۇ. خامان ۋاقتى بولغاندا، ئاشلىقنى ئامبارغا توشۇپتۇ. سودىگەر: « بىر بۆلۈك ئاشلىقنى بىر يەرگە كۆمۈپ قوياي، ئەگەر دېھقان ئەجرىمنى تولۇق بەرسە مەيلى، بەرمىسە ئاشۇ ئاشلىقنى ئالاي » دەپ ئويلاپ، بىر يەرگە بىر ئورا كولاپ، بىرنەچچە قاپ ئاشلىقنى ئاپىرىپ كۆمۈپتۇ، بۇ ئىشتىن ئوغرىلاپ خەۋەر تېپىپ قاپتۇ - دە، كېچىسى كېلىپ كۆمۈلگەن ئاشلىقنى ئېلىپ كېتىپتۇ، لېكىن سودىگەر بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەن. ئەتىسى دېھقان سودىگەرنىڭ ئەجرى ھەققىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئەسلى ئىش ھەققىدىن جىقراق نەرسىلەرنى شەپقەت قىلىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەر:

« مەن سىزنىڭ ھەققىڭىزدە بىر يامان ئىش قىلدىم، ئەپۇ قىلسىڭىز » دەپتۇ.

« ئېيتقىن » دەپتۇ دېھقان.

« لەنتى شەيتان مېنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، بىر نەچچە قاپ ئاشلىقنى بىر يەرگە كۆمگەنىدىم، — دەپتۇ سودىگەر، — ئەجرىمنى تولۇق ئادا قىلدىڭىز، مېنىڭ سىزدە ھېچقانداق ھەققىم قالمىدى، ماڭا ئادەم ھەمراھ قىلسىڭىز ئاشۇ كۆمگەن ئاشلىقنى ئېلىپ كەلسەك ».

دېھقان بىر نەچچە كىشى قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ. ئاشلىقنى كۆمگەن يەرگە بېرىپ قارىسا، كۆمگەن ئاشلىقنى ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ. ھەرقانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ تېپىشالماپتۇ. دېھقانغا سودىگەرنىڭ قىلغان بۇ ئىشى يامان كۆرۈنۈپ قاپتۇ - دە:

ئادەمدىن تاپتۇق. قالغىنىغا ئىقرار قىلمايۋاتىدۇ.»

ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ سودىگەردىن سوراپتۇ. «سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟»

سودىگەر ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىپتۇ. ئەمما پادىشاھ سودىگەرنى يالغانچى قىپتۇ. چۈنكى پادىشاھ ئۇ جاۋاھىرپۇرۇشلارنى راستچىل كىشىلەر دەپ ئىشىنىدىكەن. شۇڭا «مەرۋايىتىڭلارنى تاپشۇرۇۋېلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. بىچارە سودىگەر ھەيران ـ ھەس قاپتۇ. قانچە پەرياد ئۇرۇپ پىغان قىلسىمۇ ھېچكىم قۇلاق سالماپتۇ. بەلكى «سەن ئوغرىسەن» دەپ ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. مەرۋايىتلارنى تارتىۋاپتۇ. سودىگەر بىچارە خۇداغا نالە ـ زار قىلىدىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھەممە غەۋۋاسلار بىر مەسلىھەت ئۈچۈن شەھەرگە كىرىشىپتۇ. شەھەر ئىچىدە سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، كۆڭلىگە بىر ئىش كەپتۇ ـ دە، «زىندانىنىڭ قېشىغا بېرىپ مەھبۇسلارنى كۆرۈپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئالايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، زىندان بېشىغا كەپتۇ ۋە زىندان باشلىقىدىن رۇخسەت ئېلىپ، زىندانغا چۈشۈپ، زىنداندىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇيۇقسىزدىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە سودىگەرنى كۆرۈپ قاپتۇ، چۈنكى سودىگەرگە دەريادىن مەرۋايىتلارنى ئاچىقىپ بەرگەن غەۋۋاسلار ئاشۇلار ئىكەن. ئۇلار «غوجام نېمە سەۋەبتىن بۇ زىندانغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سودىگەرنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنى توختىتىپ، بولغان ۋەقەنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەرگەنىكەن، غەۋۋاسلارنىڭ رەھمى كېلىپ غەمكىن بولۇشۇپتۇ، «خاپا بولماڭ ئەتە ئىنشائاللا، بىز بېرىپ سىزنىڭ گۇناھىڭىزنى

دەپ تېنىپ تۇرۇۋالغانىكەن ، ئوغرىلار ئۇنى شۇنداق ئۇرۇپتۇكى هوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ . ئاندىن كېيىن ئوغرىلار ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ئۈچ دانە مەرۋايىتنى ئېلىپ كېتىپتۇ . چاپىنىغا يوشۇرۇۋالغان ئۈچ دانىسى ئۆزىگە قاپتۇ . ئۈچ دانىسىنىڭ ئۆزىگە قالغىنىغا خۇشال بولغان سودىگەر خۇداغا شۈكۈر قىلىپ ، يولغا چۈشۈپتۇ . شۇ كۈنى كەچكىچە يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ . بىر بۇلۇڭنى تېپىپ شۇ يەردە ئارام ئاپتۇ . تاڭ ئاتقاندا جاۋاھىرپۇرۇشلارنىڭ رەستىسىنى ئىزدەپ ، بىر جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ قېشىغا بېرىپ ، مەرۋايىتلارنى كۆرسىتىپتۇ . مەرۋايىتلارنى كۆرگەن جاۋاھىرپۇرۇش سودىگەرگە چىڭ ئېسىلىۋاپتۇ . چۈنكى بۇ رەستىنىڭ ئاقساقىلى شۇ ئىكەن . جاۋاھىرپۇرۇشلار ھەممىسى كېلىپ كۆرۈشۈپ « بۇنداق گۆھەرلەر پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىمۇ يوق » دېيىشىپتۇ ۋە « بۇ بىزنىڭ گۆھىرىمىز ئىدى ، سەن نەدىن ئالدىڭ دەپ تۇتايلى » دەپ مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى تۇتۇپتۇ .

سودىگەر جاۋاھىرپۇرۇشلارغا قاراپ خىتاب قىپتۇ . « ھەي ياخشى ئادەملەر ، ماڭا نېمە ئۈچۈن بوھتان قىلىسىلەر ؟ »

« بۇ مەرۋايىتلارنى بىز يوقىتىپ قويغانىدۇق . سەن نەدىن ئالدىڭ ؟ » دەپ غوۋغا قىلىپ ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەھكەم چاپلىشىپتۇ جاۋاھىرپۇرۇشلار .

خالايىقلار يىغىلىپتۇ ۋە سودىگەرنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىشىپتۇ . بۇ جاۋاھىرپۇرۇشلار پادىشاھنىڭ ئالدىدا راسكويلۇق بىلەن تونۇلغان مەشھۇر ئادەملەر ئىكەن .

« بۇقانداق ۋەقە » دەپ سوراپتۇ پادىشاھ . جاۋاھىرپۇرۇشلار مۇنداق دەپتۇ :

« ئى پادىشاھى ئالەم ! بىر نەچچە ۋاقىت بولدى . بىز بىر ساندۇق مەرۋايىتنى يوقىتىپ قويغانىدۇق . ئۈچ دانىسىنى بۇ

ماختاشلاردىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ :

« ئى پادىشاھى ئالەم . بۇ خەۋەر ئەتراپىمىزدىكى يۇرت ـ شەھەرلەرگە تاراپ كېتىپ ، بەتنامىغا قالمىغىدۇق دەپ قورقىمەن . بۇ گەپ باشقا پادىشاھلارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قېلىشتىن بۇرۇن بەختىيارنى ئۆلتۈرمەك كېرەك . »

پادىشاھ بەختىيارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . بەختىيارنى دەرھال ئېلىپ كېلىشىپتۇ . « بەختىيار ، سېنىڭ بىگۇناھلىقىڭ قىلچىمۇ مەلۇم بولمىدىغۇ ؟ » دەپ غەزەپلىنىپتۇ شاھ . بەختىيار شېكەردەك شېرىن سۆزلەر بىلەن پادىشاھقا ئىلتىجا قىپتۇ ۋە دەپتۇ .

« جاھانپانا پادىشاھىم ، بىر سۆزۈم بار ئىدى . ئۆزلىرىگە ئەرز قىلسام . »

« ئېيتقىن » دەپتۇ پادىشاھ .

« ياخشى كىشىلەردىن ئاڭلىشىمچە ــ دەپتۇ بەختىيار ، ــ ئۆتكەن زاماندىكى پادىشاھلار ھەر ئىش قىلسا سەۋر بىلەن قىلىدىكەن ، شۇڭا بۇ ئىشتا سەۋرسىزلىك پۇشايمان ۋە نادامەت كەلتۈرسە ئەجەب ئەمەس . بۇنىڭ مىسالى شۇكى ، ھەلەب پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئەنە شۇنداق بولغانىكەن . »

« ئۇنىڭ ھېكايىسى قانداقكەن » دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئازادە بەخت .

بەختىيار سۆزلەشكە باشلاپتۇ .

## ھەلەب شاھزادىسى

ئەي ئالەم پاناھ شاھ ! تارىخ سەھىپىلىرىدە

تىلىۋالىمىز ، » دېيىشىپتۇ ، غەۋۋاسلار زىنداندىن چىقىپ كېتىشىپتۇ .

ئەتىسى ئۇلار پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشىپتۇ . غەۋۋاسلارنىڭ سەردارى پادىشاھ بىلەن خېلى ئىناق ئىكەن . شۇڭا ئۇ سودىگەرنىڭ ۋەقەسىنى باشتىن ـ ئاخىر پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپ ، ئاخىرىدا شۇنداق دەپتۇ : « بىز ئۇ پېقىر سودىگەرگە ئالتە دانە مەرۋايىت بەرگەندۇق ، جاۋاھىرپۇرۇشلار ئۇ سودىگەرنىڭ شەنىگە بوھتان قىلىپ ئوغرى تۇتۇشۇپتۇ . شۇڭا ئۇ بىگۇناھ زىندانغا چۈشۈپ قاپتۇ . » بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئەجەبلىنىپ بارمىقىنى چىشلەپتۇ ـ دە ، دەرھال سودىگەرنى زىنداندىن چىقىرىپ ، ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . ئۇنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن « جاۋاھىرپۇرۇشلارنىمۇ ئېلىپ كېلىڭلار » دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ، ئۇلارنىمۇ ئېلىپ كېلىشىپتۇ .

« ھەي جاۋاھىرپۇرۇشلار ! سىلەر سودىگەرگە تۆھمەت قىلىپسىلەرغۇ ؟ سىلەر يالغانچى بولدۇڭلار » دەپتۇ پادىشاھ . جاۋاھىرپۇرۇشلار خىجالەتچىلىكتە يېتىپ جىم تۇرۇشۇپتۇ . پادىشاھ سودىگەرنىڭ مەرۋايىتلىرىنى تېپىپ بېرىشكە ئەمر قىلىپتۇ . ئۇنىڭ گۆھەرلىرىنى دەرھال تېپىپ بېرىپتۇ . ئاندىن كېيىن پادىشاھ جاۋاھىرپۇرۇشلارنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ .

« پادىشاھى ئالەم ــ دەپتۇ ھېكايىسىنى تۈگەتكەن بەختىيار ، ــ ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈشنى ئىختىيار قىلسىڭىز ئەنە شۇ سودىگەرگە ئوخشاش بىگۇناھلىقىم ئىسپاتلىنىپ قالسا ، ئۇ چاغدا پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ . »

پادىشاھ ئازادە بەختكە بەختىيارنىڭ بۇ سۆزى ماقۇل كېلىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي زىندانغا تاشلاپتۇ . ئۈچىنچى كۈنى مىرلان شاھ دېگەن ۋەزىر ئازادە بەختنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ .

سۆزنى ئاڭلاپلا ، ئۇ قىزغا مىڭ كۆڭۈل بىلەن ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە « ئۇ قىز كىمنىڭ قىزىكەن ؟ » دەپ سوراپتۇ .

« مەن بىر كىشىدىن بۇ قايسى شەھەر ، دەپ سورىسام ، ئۇ ئادەم بۇ شەھەرنىڭ نامى رۇم ، دەپ جاۋاب بەردى . بۇ قىز كىمنىڭ قىزى . دەپ سورىسام ، بۇ قىز قەيسەرى رۇمنىڭ قىزى ، باغ تاماشىسىغا كەلگەنىدى ، دەپ جاۋاب بەردى . قىزنىڭ ئىسمىنى سورىسام ، بۇ قىزنىڭ ئىسمى نىگارىن مەلىكە دەپ جاۋاب بەردى » دەپتۇ ۋەزىر .

سۇخەنچىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا شاھزادە :

« سەن دەرھال بېرىپ لەشكەر باشلىقىغا بۇ ۋەقەنى ئېيتقىن . ئۇ پادىشاھقا ئېيتىپ ، ئاشۇ قىزنى ماڭا ئېلىپ بەرسۇن » دەپتۇ . لېكىن ئالدىراڭغۇلۇقىدىن ئۆزى بارماقچى بوپتۇ . لەشكەر باشلىقىغا « شاھزادە كېلىدىكەن » دېگەن خەۋەر يېتىپتۇ ـ دە ، دەرھال ئالدىغا چىقىپتۇ . سالام ـ تەزىم رەسمىيەتلىرىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن :

« بۇ يەرگە كېلىشلىرىگە نېمە سەۋەب بولدىكىن شاھزادەم . ئېيتسىلا ، قولىمىزدىن كېلىدىغانلا بولسا تەييارلايمىز » دەپ سوراپتۇ .

« ماڭا بىر ئىش دۈچ كەلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم ، — دەپتۇ بەھزات . — ئۇ ئىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ ، ئىنشائاللا ھەل بولۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس . »

« مەرھەمەت قىلسىلا شاھزادەم ، مەقسەتلىرى نېمىكىن ؟ » دەپتۇ لەشكەر بېشى .

« رۇم پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن ، — دەپتۇ بەھزات ، — ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالدىم . ئۇنىڭ دىدارى شەربىتىنىڭ ۋەسلىگە يېتىشنى ئىستەيمەن . بۇنىڭ چارە ـ

كەلتۇرۇلۇشىچە : ھەلەب شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار بولۇپ ، ئادىللىق ۋە كەمبەغەللەرگە ئاتىدارچىلىق قىلىشتا داڭقى چىققانىكەن . ئۇ پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ ، ئىسمى بەھرات ئىكەن ، كۆپ ئىلىملەرنى ئوقۇغان ، ئەقىل ــ پاراسەتلىك يىگىت بولسىمۇ ، ئالدىراڭغۇ ، قانائەتسىز مىجەزلىك ئىكەن . بىر كۈنى بەھرات ئۆزىنىڭ خاس ئادەملىرى ۋە مەخسۇس سۇخەنچىلىرى بىلەن ئولتۇرغانىكەن . بىر سۇخەنچى بېشىدىن ئۆتكەننى سۆزلەشكە باشلاپتۇ : « ئىككى يىل بۇرۇن بىر شەھەرگە سودىگەرچىلىك قىلىپ بارغانىدىم . بىر توپ ئوغرىلارغا ئۇچراپ قالدىم . ئوغرىلار مېنىڭ بار ـ يوقۇمنى تارتىۋېلىپ ئۆزۈمنى بىر ئورىغا سولاپ قويدى . مەن ئورىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇردۇم . كۈن كەچ بولغاندا قورقۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . بىر يوغان دەرەخ پەيدا بولدى . شۇ دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بىر سائەت ئۆتكەندى ، قۇلىقىمغا چاڭ ، راۋاب ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە شام يورۇقى كۆرۈندى . قارىسام شۇنداق چىرايلىق ئوغۇللار ۋە گۈزەل قىزلار ئۇسسۇل ئوينىشىپ ئۆتۈشتى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە قەددى كېلىشكەن كېنىزەكلەر ئۆزلىرىگە چاچقان ئىپار ، زەپەر پۇراقلىرى بىلەن ئەتراپنى خۇش پۇراق قىلىپ ئۆتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئالتۇن مەپە پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ئىچىدە بىر مەلىكە ئولتۇرۇپتىكى ، ئاي ۋە كۈن ئۇنىڭ جامالىدىن رەشىك قىلاتتى . خۇددى :

ئۇ نىگارى مەھلىيا زىبا جامالىنى كۆرۈپ ،
ئەقلى ھوشۇم كەتتى ھەم دىۋانە بولدۇم نەيلەيىن
دېگەندەك بولدى . »

ھېكايىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان بەھرات ۋەزىردىن بۇ

ئەۋەتمەكچى بولدى » دەپتۇ. بەھرات بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بوپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن رۇم شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. قەيسەر رۇمنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كېلىپ، شاھانە ھۆرمەت ـ تەزىملەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، ھەلەب پادىشاھىنىڭ سۆزىنى بايان قىپتۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى قەيسەر رۇمغا ماقۇل كەلمەپتۇ. لېكىن رەت قىلىشنىمۇ خالىماي « ئۇنداق بولسا قىزىمنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن مىڭ تۆگە قىزىل تىللا ۋە مىڭ تۆگە كۈمۈش تەگكە ئېلىپ كەلسە قىزىمنى بېرىمەن » دەپتۇ. ئەلچىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قايتىپ كېلىپ پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ.
« مەن دېمىدىممۇ مانا، — دەپتۇ پادىشاھ، — قەيسەر بىزگە قىز بەرمەيدۇ. »
« ئاتا، ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىڭ، بولمىسا ماڭا رۇخسەت بېرىڭ » دەپتۇ بەھرات.
پادىشاھ « سەۋر قىلغىن » دەپ رۇخسەت بەرمەپتۇ. خەزىنىدىكى دۇنيالىرىنى جەملەشنى بۇيرۇغانىكەن. ھەممىسى جەملەنگەن بولسىمۇ ئازلىق قىپتۇ.
« ئاتا، ئالتۇن ئەسۋابلارنى سېتىپ، كېمىگە قوشۇڭ » دەپتۇ بەھرات. بەھراتنىڭ سۆزىگە كىرىپ ھەممە ئەسۋابلارنى ساتقان بولسىمۇ يەنە چىقىش قىلماپتۇ.
« قالغىنىنى شەھەر خەلقىگە سېلىق سېلىپ ئۇلاردىن يىغدۇرۇۋېلىڭ » دەپتۇ بەھرات.
« ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، بۇ شەھەر خەلقى ئاز ھەم كۆپچىلىكى كەمبەغەل » دەپتۇ پادىشاھ، لېكىن ئاخىرى نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئىلاجسىز، شەھەر خەلقىگە پۇل چېچىپتۇ.

تەدبىرلىرى قانداق بولىدۇ ؟ »
لەشكەر بېشى شۇئانلا پادىشاھ قېشىغا كىرىپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :
« بۇ ۋاقىتتا سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭگە نېمە سەۋەب بولدى ؟ »
لەشكەر بېشى بەھزاتنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىپتۇ .
« ئوغلۇم بەھزات ياخشى ئېيتىپتۇ ، — دەپتۇ پادىشاھ ، — ئۇنى ئۆيلەندۈرۈش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى . ئەمما ئۇنىڭغا مۇناسىپ لايىق تېپىلمىغاچقا تەخىر بولۇپ قالغانىدى . ئەمدى بۇ ئىش مەلۇم بولدى . مەن تەدبىرىنى قىلىمەن » .
لەشكەر بېشى خۇشال بولۇپ بەھزات قېشىغا چىقىپتۇ ۋە : « شاھزادەم بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلسىلا » دەپتۇ .
« دادامغا بېرىپ ئېيتىڭ ، ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتسۇن » دەپتۇ بەھزات . لەشكەر بېشى يەنە پادىشاھ قېشىغا كىرىپ بەھزاتنىڭ سۆزىنى ئېيتىپتۇ .
« ھەي ، قەيسەرگە ئەلچى ئەۋەتكەن بىلەن ، ئۇ قىزىنى بەرمەيدۇ ، چۈنكى ئۇ چوڭ پادىشاھ ، ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر كەلگىلى بولمايدۇ » دەپتۇ پادىشاھ ، لەشكەر بېشى يەنە قايتىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئېيتىپتۇ . بەھزات يەنە شۇنداق دەپتۇ :
« سىز تەدبىرلىكقۇ ؟ يەنە بېرىڭ ، ئەگەر ئەلچى ئەۋەتمىسە ئۆزۈم بارىمەن . »
لەشكەر بېشى پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ بەھزاتنىڭ سۆزىنى ئېيتىپتۇ . پادىشاھقا بەھزاتنىڭ مۇھەببەت ئەھۋالى مەلۇم بولۇپتۇ ـ دە ، نائىلاج ئەلچى ئەۋەتمەكچى بوپتۇ . چۈنكى پادىشاھنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىكەن . لەشكەر بېشى كېلىپ پادىشاھنىڭ سۆزىنى بەھزاتقا ئېيتىپتۇ . « ئەتە ئەلچى

قايتۇرۇپ بېرىسىز .»
بەھزات قوبۇل قىپتۇ . كارۋان بېشى بەھزاتنى رۇمغا ئېلىپ بېرىپتۇ . بەھزات ھامامىغا كىرىپتۇ . شۇئاندا بەھزاتنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى قەيسەرگە يېتىپتۇ - دە ، قەيسەر ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن شاھلارغا خاس ھۆرمەتتە كۈتۈۋاپتۇ .
« ئوغلۇم نېمە مەقسەتتە كەلدىڭىز » دەپ سوراپتۇ قەيسەر .
« مېنىڭ مەقسىتىم نىگارىن » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەھزات . قەيسەر ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى چاھارباغقا چۇشۇشكە بۇيرۇپتۇ . ھەر كۈنى ئېسىل تائاملارنى تەييارلاپ مېھمان قىپتۇ . قەيسەر « بەھزاتنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويماڭلار . نەغمە - سازلار بىلەن ئۇنىڭ دىلىنى خۇرسەن قىلىڭلار » دەپ جېكىلەپتۇ . دەرھال سازەندىلەر كېلىشىپ ، نەغمە - ناۋا باشلىنىپ كېتىپتۇ . ئەمما بەھزاتنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن ھېچ كارى يوق . نىگارىنىنىڭ پىراقىدا تاقەتسىزلىنىدىكەن . تۇيۇقسىز ئۇ بەزمە ئوتتۇرىسىدىن تۇرۇپتۇ - دە ، نىگارىننى كۆرۈش ئۈچۈن بىر تۆشۈكتىن قاراپتۇ . نىگارىن ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ . لېكىن بەھزات ئىكەنلىكىنى بىلمەي ، بىر كېنىزەكنى چاقىرىپتۇ ۋە « ئۇ بەندەپنىڭ كۆزىگە قوش مۇڭگۈز بىلەن ئۇرۇڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ . كېنىزەك دەرھال قوش مۇڭگۈز بىلەن بەھزاتنىڭ كۆزىگە شۇنداق ئۇرۇپتۇكى ، ئۇنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ . ئولتۇرۇشقانلار بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ ، پەرياد قىلىشىپ كېتىشىپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خەۋەر قەيسەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپتۇ . « نېمە ئىلاج قىلماق كېرەك ؟ — دەپتۇ قەيسەر ، قازاغا ئىلاج يوق . چۈنكى بەھزات سەۋرسىزلىك قىلىپ ، تۆشۈكتىن قارىغانلىقى ئۈچۈن كۆزىدىن ئايرىلدى . ئەمدى بەھزاتنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار . بۇ ۋەقەنى ئاتىسىغا

لېكىن ئۇلاردىنمۇ مەقسەتكە لايىق پۇل يىغىلماپتۇ . بەھزات :
« شۇنىمۇ بولسا ئەۋەتەيلى » دەپ ماللارنى جەملەپ ئەلچىلەرنى
ئەۋەتىپتۇ . قەيسەر « قالغىنىنىمۇ يەنە ئەكېلىڭلار » دەپ
ياندۇرۇپتۇ . ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ ، بۇ سۆزنى پادىشاھقا
ئېيتىپتۇ .

« ئاتا ، مالنىڭ كېمىنى يەنە تاپشۇرۇپ بېرىڭ » دەپ
بەھزات ئاتىسىنى قىستاشقا باشلاپتۇ .

« ئوغلۇم ، سەۋر قىلغىن ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن
جەملەيلى » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاتىسى . بەھزات پادىشاھنىڭ
يېنىدىن غەمكىن بولۇپ قايتىپ چىقىپتۇ ۋە شەھەردىن چىقىپ
كېتىشنى قارار قىلىپ ، بىرنەچچە قۇللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپلا
ئاتلارغا مىنىپ رۇم تەرەپكە راۋان بوپتۇ . يولدا يەنە
مەسلىھەتلىشىپتۇ . « يولدا كارۋان ئۇچرىسا ، ئۇلارنىڭ مېلىنى
ئېلىپ ، مالنىڭ كېمىنى تولدۇرايلى » دېيىشىپ كېتىۋاتقاندا ،
كارۋانلار ئۇچراپ قاپتۇ . بەھزات قۇللار بىلەن بىرلىكتە كارۋانلارغا
تېگىپتۇ . ئەمما كارۋانلارنىڭ ئادىمى كۆپ ئىكەن ، كارۋانلار
بەھزاتنى تۇتۇپ ، كارۋان بېشىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپتۇ ، كارۋان
بېشى قارىسا بىر ئېسىلزادە ئىكەن .

« راستىڭنى ئېيت ، — دەپتۇ كارۋان بېشى ، — نەدىن
كېلىۋاتىسەن ؟ قايسى زاتنىڭ ئوغلىسەن ؟ نېمىشقا بۇنداق ئىشلارنى
قىلىسەن ؟ »

« مەن ھەلەب پادىشاھىنىڭ ئوغلىمەن » دەپ بەھزات
ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىپتۇ . كارۋان باشلىقىنىڭ رەھمى كەپتۇ
ۋە شۇنداق دەپتۇ :

« غەم يېمەڭ شاھزادە ، مالنىڭ كېمىنى مەن
راستلاپ بېرەي ۋە مۇرادىڭىزغا يەتكۈزەي ، ئەمما ماللىرىمنى

دەپتۇ .

« بەختىيار ! سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭ مەلۇم بولمىدى . بۇگۈن سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى ، بارچە خالايىق سەندىن ئىبرەت ئالسۇن . »

« ئۆمرىڭىز ئۇزۇن ، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن پادىشاھى ئالەم ! — دەپتۇ بەختىيار ، — سەۋر قىلغان ياخشىراق ، سەۋر كىشىنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ ، ئەبۇ سابىر ئاشۇنداق قىلىپ مۇرادىغا يەتكەنىكەن . »

« ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن ، سۆزلە ! » دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشاھ .

بەختىيار سۆزلەشكە باشلاپتۇ :

•

## ئەبۇ سابىر

ئۆتكەن زاماندا بىر ئادەم بارئىكەن ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇ سابىر ئىكەن . بۇ ئادەم ناھايىتى سەۋر ـ قانائەتلىك ئادەم ئىكەن ، بىر كۈنى ئۇنىڭ ۋىلايىتىگە بىر ئەمەلدار كەپتۇ . ئۇ ئەمەلدار يۇرتقا جەبىر ـ زۇلۇم قىلىشقا باشلاپتۇ . پۇقرالاردىن تولىسى زۇلۇمغا چىدىماي ، باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىپ ، بۇ يۇرتتا ئادەم شالاڭلاپ قاپتۇ . لېكىن ئۇ ئەمەلدارنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپتۇ . شۇڭا بىرنەچچەيلەن بىرلىشىپ ، بۇ ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپتۇ . بىر كۈنى قالغان پۇقرالار يىغىلىپ ، ئەبۇ سابىرنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ ، ۋە « بىرنەچچە يامانلار بىرلىشىپ ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ، لېكىن بىزنىڭ بۇ ۋەقەدىن خەۋرىمىز يوق ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئەگەر بۇ ھادىسىدىن پادىشاھ ۋاقىپ بولسا سىز ۋە بىزگە زىيان

ئېيتىڭلار . بەھزات سەۋرلىك ئەمەسكەن ، سەۋرسىزلىكتىن مۇشۇ ھادىسىگە يولۇقتى دەڭلار . »

بەھزاتنى ئېلىپ يانغانلار ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ . ھەلەب پادىشاھى بەھزاتنىڭ بۇ ۋەقەسىدىن غەم ــ ئەندىشىسى كۈندىن كۈنگە زىيادە بولۇپ ، ئاخىر دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ . پادىشاھلىق نۆۋىتى بەھزاتقا كەپتۇ . لېكىن شەھەر خەلقى بىزگە قارىغۇ پادىشاھ كېرەك ئەمەس ، دەپ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى قوبۇل قىلماپتۇ .

سۆز شۇ يەرگە يەتكەندە بەختىيار : « ئەگەر بەھزات سەۋر قىلغان بولسا ، قەيسەرنىڭ قىزىنى ئېلىپ كېلەتتى ، مەقسىتىگە يېتەتتى » دەپ ھېكايىسىنى تامام قىپتۇ ۋە « ئەگەر پادىشاھىم مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر قىلسىلا ، مېنىڭ بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولغاندا پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ » دەپتۇ . بەختىيارنىڭ بۇ سۆزى ئازادە بەختكە بەك ياراپتۇ ــ دە ، « بەختىيارنى ئۆلتۈرمەڭلار ، زىندانغا سېلىڭلار ، بۈگۈن كەچ بولدى ، ئەتە مەسلىھەت بىلەن ئۆلتۈرەيلى » دەپ بۇيرۇپتۇ .

تۆتىنچى كۈنى نەزەر شاھ دېگەن ۋەزىر پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ماختاپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ : « پادىشاھلار ئۈچۈن سەۋر قىلىش ياخشى ئىش . لېكىن سەۋر كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ نامى ياخشى بولمايدۇ . چۈنكى ھەسەل يېمەك شىپا بولىدۇ . لېكىن كۆپ يېيىلسە ھارارەت پەيدا قىلىدۇ . بەختىيارنىڭ ئىشىدا كۆپ سەۋر ــ تاقەت قىلدىلا . بۇ ئىش يەنە سوزۇلۇپ كەتسە ئامما خاسنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا ، ئۇلار پەرياد ــ پىغان قىلىشارمىكىن دەپ قورقىمەن . »

پادىشاھ ئازادە بەخت بەختىيارنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ . بەختىيارنى كەلتۈرۈشۈپتۇ . پادىشاھ جاللاتنى چاقىرماقچى بوپتۇ ۋە

ھەممە ئىشتا سەۋر قىلىش ياخشى دەپتۇ يەنە ئەبۇ سابىر .
« ئۇنى ئاپىرىپ زىنىدانغا تاشلاڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشاھ .

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سابىرنى زىندانغا تاشلاپتۇ . ئەبۇ سابىر زىندان ئىچىدە خۇدايتائاللاغا شۈكۈر قىلىدىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئۆلۈپتۇ . لېكىن پادىشاھنىڭ پەرزەنتى يوق ئىكەن ، شەھەر خەلقىنىڭ كاتتىلىرى مەسلىھەتلىشىپ : « بىرىپ زىنداندىكىلەردىن سوئال سورايلى ، كىم جاۋاب بەرسە ھەممىز ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنايلى » دېيىشىپ ، زىندان بېشىغا كېلىشىپتۇ ۋە زىنداندىكىلەردىن سوراپتۇ .

« كۇرۇۋۋان نېمە ؟ » دەپ سوراپتۇ ئۇلار .

« كۇرۇۋۋان ھەزرىتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى يۇتقان بېلىق ① » دەپ دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ ئەبۇ سابىر . بۇ سۆز بارلىق خالايىقلارغا ماقۇل كەپتۇ ـ دە ، ئۇنى دەرھال زىنداندىن چىقىرىپ ، سارايغا ئەكىلىپ ، غۇسلە قىلدۇرۇپ ، شاھانە سەرپايىلارنى كىيدۇرۇپ ، توپچاق ئاتقا مىندۇرۇپ ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن پادىشاھنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ . بارلىق ۋەزىرلەر ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇشۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئەبۇ سابىر پادىشاھ بولۇپ خەلقنىڭ ئەرز ـ دادلىرىنى سوراپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ دەرگاھىغا ئىككى خوتۇن كەپتۇ . ئەبۇ سابىر شاھلىق سۇپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ھالىنى سوراپتۇ ، ئۇلاردىن بىرى : «مەن بۇ كىشىدىن ئىككى قۇل بالا سېتىۋالغانىدىم . ئۇ بالىلار : بىز ھۆر ۋە ئازاد بالىلار . بىزنى بۇ

---

① كۇرۇۋۋان ــ ئەسلىدە ساداقەتلىك خىزمەتكار دېگەن سۆز . يۇنۇس پەيغەمبەرنى يۇتقان بېلىقنىڭ نامى . بۇ بېلىق ئۆز خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئىجرا قىلىدىغان ساداقەتلىك خىزمەتكارلارنىڭ تەمسىلىدۇر ــ ت .

يېتەرمىكىن دەپ قورقىمىز » دېيىشىپتۇ . « سەۋر قىلىڭلار » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەبۇ سابىر . لېكىن ئەبۇ سابىر بىرقانچە كۈنگىچە ئاچ قېلىپ ، ئاخىر بولالماي بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بۇ يۇرتتىن چىقىپ ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئىزدەپ مېڭىپتۇ . بىر يەرگە بارغاندا ، بالا ـ چاقىلىرىنى قويۇپ ، ئۆزى يالغۇز ئوزۇق ئىزدەپ كېتىپتۇ .

ئاقىۋەت بايىقى يۇرتتا بولغان ۋەقەنىڭ خەۋىرى پادىشاھقا يېتىپتۇ . پادىشاھ « بېرىپ ئاشۇ يۇرتتىن ئەمەلدارىمىنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىڭلار » دەپ ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ . ئەسكەرلەر ئۇ يۇرتتا ئادەم تاپالماي كېلىۋاتسا ، ئەبۇ سابىر ئۇچراپتۇ ، ئۇنى تۇتۇپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ . پادىشاھنىڭ كۆزى ئەبۇ سابىرغا چۈشۈپتۇ ـ دە ، بارمىقى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ : « ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار » دەپ ئىشارەت قىپتۇ . ئۇنى شاھ ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپتۇ . ئەبۇ سابىر پادىشاھقا سالام قىپتۇ . ئەمما سەۋر قىلغانلىقىدىن گېپىگە جاۋاب بەرمەپتۇ . پادىشاھ « بۇ ئادەمنى ئايۋاننىڭ تېمىغا شوتا بىلەن چىقىرىڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ . ئەبۇ سابىر كۆپ زەخمەت چېكىپ ئايۋان تېمىغا چىقىپتۇ . قارىسا بىر ئادەم ئىش قىلىپ تۇرۇپتۇ . « سەن بۇ ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، پادىشاھ ساڭا نېمە بېرىدۇ ؟ » دەپ سوراپتۇ ئەبۇ سابىر .

« بىر ئاي بولدى غوجام ، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ، — مۇشۇ يەردە ئىش قىلىۋاتىمەن ، نېمە بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن . »

ئەبۇ سابىر « سەۋر قىلغىن » دەپ تېخى گېپىنى تۈگەتمەستىنلا ، تۇيۇقسىزدىن تامدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى سۇنۇپتۇ . پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ :

« ۋاي بىچارە ، سەن مەككارلىق قىلىپ سەۋر قىلىش ياخشى دېيىتتىڭ ، ئەمدى پۇتۇڭ ساقايغۇچە سەۋر قىلغىن . »

بولغان بولسمۇ، خوتۇننىڭ پىراقىدا غەمكىن بولىدىكەن. بىر كۈنى بىر ئەر ـ خوتۇن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئېرى:

«بۇ خوتۇن مېنى قىلچىمۇ ئىززەت قىلمايدۇ، ھۆرمىتىمنى بەجا كەلتۈرمەيدۇ» دەپ خوتۇنى ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ.

«ھەي زەئىپە، نېمە ئۈچۈن ئېرىڭنى ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلمايسەن؟» دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئەبۇ سابىر.

«ئى پادىشاھى ئالەم، سۇلتانى باكىرەم! مېنىڭ دەردىم كۆپ» دەپتۇ مەزلۇم.

«سۆزلە» دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشاھ.

«سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ پادىشاھىم، — دەپتۇ ئۇ مەزلۇم، — بۇ ئادەم مېنى سەۋەبسىز خارلاپ، ھېسابسىز جەبىر ـ زۇلۇم قىلىدۇ، ئەمما مەن بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى ئەمەس. شۇڭا مەن ئۇنى ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلمايمەن. بۇ ئادەم مېنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى زۇلۇم، تەھدىت بىلەن خوتۇنۇم دەپ ئۆيىدە ساقلىدى، ئەمدىلىكتە پادىشاھى ئالەم، دەرگاھىڭىزغا كەپتىمەن، مەندەك بىر بىچارىنىڭ دادىغا يېتەرسىز دەپ ئۈمىد قىلىمەن.»

ئۇ مەزلۇم يۈزىگە پەردە تارتىۋالغانىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭغا:
«ئۆز ھالىڭنى ماڭا بايان قىلغىن» دەپتۇ.

«پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ ئەبۇ سابىر ئاتلىق بىر ئېرەكتەم بارئىدى، يەنە ئىككى ئوغلۇم بارئىدى، بىر تەرەپكە سەپەر قىلغانىدۇق» دەپ، مەزلۇم بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەبۇ سابىر مەزلۇمنىڭ ئۆز باللىرىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ھېلىقى ئادەمنى دەرھال زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. خوتۇننى پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ، ئەر ـ خوتۇن ۋە ئوغۇللىرى بىر ـ بىرى بىلەن

كىشى ئوغرىلاپ ساتقانىدى. بىزنىڭ ئەبۇ سابىر ئىسىملىك ئاتىمىز بار، دەيدۇ» دەپتۇ. شۇندا پادىشاھقا ئۇ بالىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. ئەمما سەۋر قىلىپ، تەمكىنلىك بىلەن زورغا ئۆزىنى بېسىۋاپتۇ ـ دە، «بالىلارنى قېشىمغا ھازىر قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. قول بالىلارنى ئەكەلگەندە ئەبۇ سابىر قارىسا ئۆز پەرزەنتلىرى ئىكەن. ئەمما ئوغۇللىرى ئەبۇ سابىرنى تونۇماپتۇ.

«نېمە ئۈچۈن ئازادلىق دەۋاسى قىلىسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ ئەبۇ سابىر بالىلاردىن.

«ئى پادىشاھى ئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغۇللار، — بىزنىڭ ئەبۇ سابىر دېگەن ئاتىمىز بار ئىدى. بىر كۈنى ئاتىمىز بىلەن بىر ياققا بارغاندۇق، ئاتىمىز ئۇزۇق ئىزدەپ كەتكەندە، ئانىمىزنى بىر ئوغرى زورلاپ ئېلىپ كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن بىزنىمۇ ئېلىپ كەتتى.»

ئەبۇ سابىر ئۇلارنىڭ ئۆز ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئەمما ئاشكارا قىلماپتۇ، لېكىن ئوغرىلاردىن سوراپتۇ:

«راستىڭنى ئېيتقىن، بۇلارنى نەدىن ئالدىڭ؟»

«بۇلار يالغان ئېيتىدۇ، — دەپتۇ ئوغرىلار، — بۇلار بىزنىڭ ئۆيىمىزدە تۇغۇلغان قۇللاردىن.»

ئەبۇ سابىر ئوغرىلارنى زىندانغا سېلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئەزىز پەرزەنتلىرىنى ھەرىمگە ئېلىپ كىرىپتۇ ـ دە: «بالىلىرىم، مەن سىلەرنىڭ ئاتاڭلارمەن» دەپ ئۆزىنى تونۇتۇپتۇ. پەرزەنتلىرى دەرھال ئاتىسىنىڭ پېشىنى سۆيۈپ، باش ـ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، ئايرىلغانلىقلىرىغا يىغلىشىپتۇ. بىر ـ بىرىنى كۆرگەنلىكىگە خۇشال بولۇشۇپ، خۇدايتائالاغا شۈكۈر قىلىشىپتۇ.

ئەبۇ سابىر بالىلىرىنىڭ تېپىلغانلىقىغا ناھايىتى خۇرسەن

نەزمەمنى ئاڭلىسىلا » دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ :

ئۇلۇغ شاھىم سىز سىز شۇنداق خەلقپەرۋەر ،
ساخاۋىتى ئەلگە خۇددى شەمسۇقەمەر ؛
بىگۇناھمەن پادىشاھىم ئۈمىدىم كۆپ ،
تۇتسىڭىز سىز ئەدلۇ ئىنساب يولىن ئەگەر .

بەختىيار ئوقۇغان بۇ نەزمە پادىشاھقا ناھايىتى يېقىپتۇ ھەم بەختىيارنىڭ قابىلىيىتى ۋە پاساھىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ . بەختىيار شۇنداق دەپتۇ :
« ئەگەر پادىشاھ خىزمەتكارلىرىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسا ئۇنىڭغا زور خۇشاللىق كېلىدۇ ، يەمەن پادىشاھى ئەبرىھەنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى ، خۇدا ئۇ پادىشاھقا كۆپ خۇشاللىقلارنى نېسىپ قىلدى . »
« ئۇ قانداق ئىش ئىكەن ، ماڭا بايان قىل » دەپتۇ پادىشاھ .
بەختىيار سۆزلەشكە باشلاپتۇ .

## يەمەن شاھى ۋە ئەبرىھە

تارىخ سەھىپىلىرىدە شۇنداق كەلتۈرۈلۈپتۇكى ، ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ بار ئىكەن . ئۇنى پادىشاھى يەمەن دەپ ئاتىشىدىكەن . بىر كۈنى شاھى يەمەن بازاردىن بىر قۇل بالا سېتىپ ئالدۇرۇپتۇ . ئىسمى ئەبرىھە بولۇپ ، ئەسلىدە ھەبەش پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىكەن . يەمەن پادىشاھى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ، ئىززەت قىلىدىكەن ، كېيىن ئۇنى ئەمەلدار قىپتۇ . بىر

كۆرۈشۈپ ، غەمدىن پارىغ بولۇپ ، راھەت ـ پاراغەت بىلەن دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ .

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە بەختىيار شۇنداق دەپتۇ :

« مانا پادىشاھى ئالەم ! ئەگەر ئەبۇ سابىر سەۋر قىلمىغان بولسا ، ئۇنداق دۆلەتلەرگە ئېرىشەلمەيتتى . مېنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋر قىلمىسىلا ، ئاخىر پۇشايمان قىلىلا . »

پادىشاھ ئازادە بەختكە بەختىيارنىڭ بۇ سۆزى خۇش كېلىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي زىندانغا سېپتۇ . بەشىنچى كۈنى نەۋبەر شاھ دېگەن ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ، ئەدەپ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ شۇنداق دەپتۇ :

« ئى پادىشاھى ئالەم ، ئەمدى مەملىكىتىمىزدە : ھەر كىم ھەر خىل گۇناھ قىلسا پادىشاھ ھېچنېمە قىلمايدىكەن ، چۈنكى بەختىيار شۇنچە گۇناھ قىلدى ، ئۇنى ھېچنەرسە قىلمىدى ، كۈندە پادىشاھنى گەپكە تۇتۇپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى ، ئەمدى بىزمۇ ھەرقانداق گۇناھ قىلساق نېمە قىلالايتتى ، دېگەن سۆز چىقمىسا ئىدى دەپ قورقىمەن . »

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرھال بەختىيارنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ . بەختىيار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن غەزەپ بىلەن :

« ھەي ئوغرى ! كۈندە مېنى گەپكە تۇتۇپ كۈن ئۆتكۈزىسەن ، ئەمما سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭ مەلۇم بولمىدى ، بۈگۈن سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى ، بارلىق ئوغرى ـ قاراقچىلار سەندىن ئىبرەت ئالسۇن ! » دەپتۇ .

بەختىيار يەنە بۇلبۇل سايرىغاندەك شېرىن سۆزلەرنى قىپتۇ ۋە :

« ئى پادىشاھى ئالەم ، مەرھەمەتلىك سەمىلىرى بىلەن بۇ

بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يەمەن تەۋەسىگە يېتىپ بېرىپتۇ ــ دە، خىلۋەت جايغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۆز سىرىنى ئاشكارا قىلماپتۇ ۋە ئەبرىھەنى ئىزدەپ تېپىپتۇ.

« ئەي ئەبرىھە! ئاتاڭ سېنى سېغىندى، سېنى كۈتمەكتە » دەپتۇ ئۇ ئادەم.

ئەبرىھە ئاتىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ خۇددى باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار ــ زار يىغلاپ تۇرۇپ « ھەي غوجا نەدىن كېلىسىز؟ » دەپ سوراپتۇ.

« مەن ھەبەش دىيارىدىن بولىمەن، ــ دەپتۇ ئۇ غوجا، ــ مەن سېنى ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچىمەن. »

« ئۇنداق بولسا دەرھال شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى » دەپتۇ ئەبرىھە. بۇ غوجا دانا ۋە زېرەك ئادەم ئىكەن.

« ھازىر ۋاقتى ئەمەس شاھزادەم، ياخشى مەسلىھەت قىلىپ پۇرسەت تېپىپ، ئەتە سەھەر يولغا چىقايلى » دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئۇلار ھەبەش دىيارىغا راۋان بوپتۇ. ئىككىنچى كۈنى يەمەن پادىشاھىغا « ئەبرىھە قېچىپتۇ » دېگەن خەۋەر يېتىپتۇ. شاھ دەرغەزەپ بولۇپ ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ خەۋەر تاپالماپتۇ. پادىشاھ ئەبرىھەنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خېلى ئەندىشە قىپتۇ.

ئەبرىھە غوجا بىلەن تىنماي، كېچە ــ كۈندۈز يول يۈرۈپ ھەبەش شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. « ئەبرىھە كېلىدىكەن » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ھەبەش پادىشاھى دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن بىللە ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ، ئىززەت ــ ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

ئەمدى بۇ سۆزنى بۇياقتىن ئاڭلىغايسىز.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەمەن پادىشاھى دەريا لېۋىگە كېلىپ،

كۈنى پادىشاھ ئەبرەھە ۋە بىرنەچچە چەۋەندازلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار جانىۋارلارنى ئارىغا ئېلىپ، ھەر تەرەپكە قوغلاپ، ئوق ئېتىشىپتۇ. پادىشاھ ئەبرەھەگە «سەنمۇ بىر ئوق ئاتقىن» دەپ بۇيرۇپتۇ، ئەبرەھە بىر ئوق ئېتىپتۇ، تاسادىپەن ئەبرەھەنىڭ ئاتقان ئوقى كېيىكتىن ئۆتۈپ بېرىپ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا تېگىپتۇ. پادىشاھنىڭ قۇلىقى چولاق بولۇپ قاپتۇ. شۇندا پادىشاھ غەزەپ بىلەن: «ئەبرەھەنى تۇتۇپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ.

«پادىشاھىمغا مەلۇم، مەن بىگۇناھمەن، — دەپتۇ ئەبرەھە، — مەن ئوقنى قەستەن ئاتمىغان، پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن ئوق ئاتقانىدىم، ئاتقان ئوقۇم خاتا كېتىپ، پادىشاھىمنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا بېرىپ تەگدى. پادىشاھىم قۇللىرىنىڭ بۇ گۇناھىنى مائاپ قىلسىلا ياخشى بولاتتى.» بۇ گەپ بىلەن پادىشاھ غەزىپىدىن يېنىپ، ئەبرەھەنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپ، پادىشاھقا ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ.

ئەمدى سۆزنى بۇ ياقتىن ئاڭلىغايسىز.

ئەبرەھەنىڭ ئاتىسى پۈتۈن ئالەمنى ئىزدىتىپ، ئەبرەھەدىن خەۋەر تاپالماي يۈرگەندە، تۇيۇقسىز «ئەبرەھە يەمەن پادىشاھىنىڭ خىزمىتىدىمىش» دېگەن خەۋەر كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەبەش پادىشاھى ئەمىر - ۋەزىر ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى يىغىپ كېڭىشىپتۇ. «ئەگەر يەمەن پادىشاھى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا ياخشى ئىش بولمايدۇ. ياخشىسى شۇكى، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتەيلى، ئۇنى تەدبىر بىلەن بۇ يەرگە كەلتۈرەيلى» دېيىشىپتۇ ئۇلار. ئۇ يەردە بىر ئەقىللىق كىشى بار ئىكەن، پۇل ۋە مال بېرىپ شۇنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ كىشى سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ يولغا چىقىپتۇ ۋە

دادلاپتۇ : «بۇ ئوغرى سودىگەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. » ھەبەش پادىشاھى يەمەن پادىشاھىغا قاراپ ۋارقىراپتۇ : « ھەي ئوغرى ، ئۇ كىشىنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ ؟ »

« بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق ، — دەپتۇ يەمەن پادىشاھى ، — مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن . ئاخشام كېلىپ بىر بۇلۇڭدا ياتقانىدىم . بۇنىڭدىن بۆلەكنى بىلمەيمەن ، مېنىڭ ھېچ گۇناھىم يوق . »

« يالغان ئېيتىسەن ئوغرى ، بۈگۈن ساڭا شۇنداق سىياسەت قىلايكى ، پۈتۈن ئالەمگە پەندىيات بولسۇن » دەپتۇ ھەبەش پادىشاھى .

شۇ چاغدا يەمەن پادىشاھى بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ :

قىلايمۇ داد پەلەكتىن يا غەرەز كويلار ھۇسۇتىدىن ، ①
گۇناھدىن مەن ئېرۇرمەن پاك ، كەرەملىك پادىشاھىمسەن .

بۇنى ئاڭلىغان ھەبەش پادىشاھى : « بۇ كىشى خېلى بىلىملىك ۋە پازىل كىشى ئوخشايدۇ . ئۆلتۈرمەي زىندانغا سېلىڭلار » دەپ ئەمر قىپتۇ ، ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ . زىنداندا يەمەن پادىشاھى خۇدايىتائالاغا زار - زار يىغلايدىكەن .

شۇ زىندانىنىڭ تۈۋىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ ، چۆرىسى بوستانلىق ئىكەن . بوستان شۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىدىكەن . ھەبەش پادىشاھى ھەر كۈنى شۇ بۇلاقنىڭ قېشىغا كېلىپ ، تاماشا قىلىشنى ئادەت قىلىغانىكەن . بىر كۈنى ھەبەش پادىشاھى ئۆز ئادىتىگە مۇۋاپىق ئوغلى ئەبرىھە ۋە بىرنەچچە دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ساياھەت تەرىقىسىدە كېلىپ زىنداندىكىلەرگىمۇ نەزەر سېپتۇ . ئەمما

① ھۇسۇت — ھەسەتلەر .

كېمىنگە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىپ يۈرگەندە كۈن كەچ بولۇپ قېلىپ، بىر شامال چىقىپ، كېمىنى قايىنامغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. كېمىدىكىلەر دەرياغا غەرق بولۇپتۇ، كېمىچىلەرمۇ غەرق بولۇپتۇ. لېكىن پادىشاھ بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە ئامان قاپتۇ. ئالتە كېچە - كۈندۈز دەريادا يۈرۈپتۇ، بوراندىن بۆلەك ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولماپتۇ. ئالتە كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن بوران تاختاي پارچىسىنى دەريا لېۋىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئەمما، پادىشاھنىڭ ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ھالى خاراب بولغانىكەن.

بىر تەرەپكە كېتىۋاتقان غەۋۋاسلار دەريا بويىدا ياتقان پادىشاھنى كۆرۈپ قېلىشىپتۇ - دە، «ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ، قېشىغا كېلىپ، بېشىنى سىلاپتۇ، ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ، پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپ غەۋۋاسلاردىن «بۇ قايسى يەر؟» دەپ سوراپتۇ، «بۇ ھەبەش دىيارى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ غەۋۋاسلار. شۇندا پادىشاھ شەھەر تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ، نامازشام ۋاقتىدا شەھەرگە يېتىپ بېرىپ، بىر سۇپىدا يېتىپ قاپتۇ. بۇ يەردە بىر سودىگەر بار ئىكەن. بىرنەچچە ئوغرىلار سودىگەرنىڭ ئۆيىگە قەست قىپتۇ - دە، سودىگەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پۇل - ماللىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، سودىگەرنى ئۆلتۈرگەندە ئۇنىڭ قېنى ئوغرىلارنىڭ چاپىنىغا چاچرىغانىكەن. ئۇلار كېتىۋاتقاندا چاپانلىرى يەمەن پادىشاھىنىڭ تونىغىمۇ تېگىپ كەتكەنىكەن. تاڭ ئاتقان چاغدا سودىگەرنىڭ ئۆيىدىن پەرياد - پىغان كۆتۈرۈلۈپتۇ. «سودىگەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ» دېيىشىپ مەھەللە خەلقى تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ، ئوغرىلارنى ئىزدەپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىزدىن چاپىنى قان يۇقى بولۇپ قالغان يەمەن پادىشاھىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنى تۇتۇپ شۇئانلا ھەبەش پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپتۇ ۋە غوۋغا كۆتۈرۈپ

ئەگەر بۇ ئايەت شېرىپنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلسىلا مېنىڭ ئۆلۈمگە لايىق گۇناھىم يوق.» ئۇنىڭ راست ئېيتقىنى ھەبەش پادىشاھىغا يېقىپ قاپتۇ ۋە:

«جاللاتلار! بۇ ئادەمنىڭ قولىقىنى ئۇرۇپ ئۇچۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يەمەن پادىشاھىنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ قولىقىنى كەسمەكچى بولۇپتۇ، قارىسا ئۇنىڭمۇ بىر قولىقى چولاق ئىكەن.

«قولىقىڭنى نېمە قىلدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ جاللات.

«بىر قولىقىم چولاق بولسا يەنە بىر قولىقىمنى كەسكىن» دەپتۇ يەمەن پادىشاھى.

«نېمە دەيدۇ؟» دەپ سوراپتۇ ھەبەش پادىشاھى.

«بىر قولىقى چولاق ئىكەن» دەپتۇ جاللات.

«سەن مۇساپىر، — دەپتۇ ھەبەش پادىشاھى، — كېيىنى-كەينىدىن ئوغرىلىق قىلغانلىقىڭدىن قولىقىڭنى كەسكەنىكەن-دە!»

«مېنىڭ ۋەقەيىم بەك ئۇزۇن» دەپتۇ يەمەن پادىشاھى.

«نېمە بولسا بايان قىل!» دەپ بۇيرۇپتۇ ھەبەش پادىشاھى.

«مەن ئوغرى ئەمەس، بەلكى يەمەن دىيارىنىڭ پادىشاھىمەن، — دەپتۇ يەمەن پادىشاھى، — پەلەكنىڭ گەردىشىدىن بۇ زىندانغا چۈشۈپتىمەن. مەن بىر قول ئالغانىدىم، ئۇنىڭ ئىسمى ئەبرەھە ئىدى. ئۇنى ناھايىتى دوست تۇتاتتىم. بىر كۈنى ئۇ قول قېشىمدىن غايىب بولدى، ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتتىم، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىدىم، كۆڭلۈمدىكى خاپىلىقنى ئۇنتۇش ئۈچۈن، كېمىگە چۈشۈپ سەيلە قىلغانىدىم؛ تۇيۇقسىز كېمە غەرق بولۇپ، ھەمراھلىرىم ھالاك بولدى. مەن

يەمەن پادىشاھى ئەبرىھەنى تونۇماپتۇ . چۈنكى ئۇ قوللۇقتىن قۇتۇلغان بولۇپ شاھلىق مەرتىۋىسىدە ئىكەن ، يەمەن پادىشاھى بولسا شاھلىقتىن ئايرىلغان بولۇپ زىنداندا ياتقانىكەن . تۇيۇقسىز بىر قاغا كېلىپ زىندانىنىڭ لېۋىگە قونۇپتۇ . يەمەن پادىشاھى كۆڭلىدە پال قىلىپ « ئەگەر مۇشۇ قاغىنى ئۇرالىسام زىنداندىن قۇتۇلالايمەن ، بولمىسام يوق » دەپ ئويلاپ بىر تاشنى ئاتقانىكەن ، ئۇ تاش قاغىدىن ئۆتۈپ ئەبرىھەنىڭ قۇلىقىغا تېگىپ ، قۇلىقىنى ئۈچۈرۈپ كېتىپتۇ . « بۇ تاشنى كىم ئاتتى ؟ » دەپ ۋارقىراپتۇ ئەبرىھە . زىنداندىكىلەر « مۇشۇ كىشى ئاتتى » دەپ يەمەن پادىشاھىنى كۆرسىتىپ قويۇشۇپتۇ ، يەمەن پادىشاھىنى زىنداندىن چىقىرىپ ئارىغا ئېلىپ ، پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ ، ھەبەش پادىشاھى قارىسا ، ئەبرىھەنىڭ قۇلىقى چولاق بولۇپ قالغانىكەن .

« ۋاي جېنىم بالام ، — دەپتۇ ھەبەش پادىشاھى ، — بىر قۇلىقىڭ نەگە ئۇچۇپ كەتتى ؟ »

« بۇ كىشى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۇچۇردى » دەپتۇ ئەبرىھە .

« نېمىشقا ئۆلتۈرمىدىڭ ئۇنى ؟ »

« سىزدىن پەرمان بولمىسا قانداق ئۆلتۈرەي . »

« سەن مۇساپىر ، — دەپتۇ ھەبەش شاھى يەمەن پادىشاھىغا قاراپ ، — سودىگەرنى ئۆلتۈردۈڭ ، ئۇنى يالغان دېسەڭ ، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ؟ » ئۇ خېلى سىياسەتلەرنى قىلىپ ، يەمەن پادىشاھىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ .

« ئەي ئادىل پادىشاھ ، — دەپتۇ يەمەن پادىشاھى ، ئاللاتائاللا ئۆز كالامىدا ‹ قۇلاققا قۇلاق ، بۇرۇنغا بۇرۇن › دەپ ئېيتقان . مەن تاسادىپىي بىر قاغىغا تاش ئاتقانىدىم ، خاتا كېتىپ ، شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا تېگىپ ، بىر قۇلىقىنى ئۈچۈرۈپ كەتتى .

تۆۋەندىكى بېيىتنى دېيىلگەندەك قىلىش لازىم؛

دۈشمىنىڭ بولسا كىچىك، خوددى قىلدەك،
بولسىمۇ ئەگەر زەئىپ ۋە بىچارە.
چۈشسە ناگاھ قولۇڭغا ئاشۇ دۈشمەن،
قىل ئۇنى قىلىچ بىلەن يۈز پارە.

پادىشاھ ئازادە بەخت بەختىيارنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. بەختىيار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن: «ھەي بەختىيار، سېنىڭ بىگۇناھلىقىڭ قىلچە ئىسپاتلانمىدى، بۈگۈن ساڭا شۇنداق ئازاب قىلايكى، خالايىقلار كۆرۈپ تەئەججۈپلەنسۇن» دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن.

«بىر سۆزۈم بار پادىشاھى ئالەم! سىزگە ئەرز قىلسام» دەپتۇ بەختىيار.

«ھەرقانداق مۇددىئايىڭ بولسا سۆزلە!» دەپتۇ پادىشاھ ئازادە بەخت.

بەختىيار مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

ئەيلىدى مېنى بۇ چەرخى ماككار،
كۆپ ئەندىشە غەمگە گىرىپتار.

پادىشاھ بەختىيارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ:

«ھەي ئوغرى! ھەر كۈنى بىر گەپنى تېپىپ مېنى گەپكە مەشغۇل قىلىسەن! بۈگۈن نېمە قىلارسەن؟» دەپتۇ.

«پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ بەختىيار، — بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغۇلۇق ئەمەس، چۈنكى ئۆلتۈرۈش ئاسان، ئەمما تىرىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۆلتۈرگەندىن كېيىن

ئۆزۈم بىر پارچە تاختاي ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالدىم . ئالتە كېچە ـ كۈندۈز دەريادا يۈرۈپ ، مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم . قولىقىمنى ئاشۇ قول بالا چولاق قىلىپ قويغان ، شىكارغا چىققان ۋاقتىمىزدا ئۇ ئوق ئاتقاندا كېيىككە تەگمەستىن قولىقىمغا تەگكەنىدى . »

ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاڭلىغان ھەبەش پادىشاھى دەرھال ئەبرىھەنى چاقىرىپ سوراپتۇ :

« بۇ كىشىنى تونۇمسەن ؟ » ئەبرىھە تونۇپتۇ ۋە دەرھال يەمەن پادىشاھىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ، بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ، بىر ـ بىرلىرىگە ئۆزرە قويۇشۇپتۇ . يەمەن پادىشاھىنى دەرھال تەختكە چىقىرىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بىر نەچچە سەرپايلارنى كىيدۈرۈپ ، زىياپەتلەر بېرىپ ، ئاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا سېلىپ قويۇپتۇ .

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە بەختىيار شۇنداق دەپتۇ :

« ئەگەر يەمەن پادىشاھى ئەبرىھەنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمىگەن بولسا ، كېيىنكى كۈنلۈكتە ئۆزى ساق قالمىغان بولاتتى . ھەسرەت ـ نادامەتلەر قىلغان بولاتتى ، ئەگەر پادىشاھىم مېنى ئۆلتۈرسىلە ، ئاخىر بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولۇپ قالسا ، ئۇ چاغدا پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ . »

پادىشاھقا بەختىيارنىڭ بۇ سۆزى ماقۇل كەپتۇ ، بەختىيارنى يەنە ئۆلتۈرمەي زىندانغا سېلىشقا بۇيرۇپتۇ . ئالتىنچى كۈنى مىرەن شاھ دېگەن ۋەزىر پادىشاھ ئازادە بەختنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ ، ئۇنى ماختاپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ :

« پادىشاھى ئالەم ، ئۆتكەن زاماندىكى پادىشاھلار دۈشمەنلىرىگە قەھر ـ غەزەپ بىلەن سىياسەت قىلاتتى . خۇسۇسەن پادىشاھلارغا غەزەپ قىلماق مۇباھتۇر ، ھۆكۈمالار ‹ دۈشمەننى ھەقىر كۆرمەك ياخشى ئەمەستۇر › دېيىشكەن .

ئەمما مەن بۇ يەردە بىر نەرسىنى كۆردۈم ، شۇنداق بىر نەرسىكى ئۇنى شۇ چاغقىچە ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس . »

« نېمە كۆرگەن بولساڭ بايان قىلغىن » دەپتۇ پادىشاھ .

كاردار دەرھال بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ :

كۆردۈم بىر سەنەمنى ، جاندىن ئارتۇق ،
ھۆسنى يۈز مەرتىۋە ئايدىن ئارتۇق .

خۇما كۆزلىرى نەرگىسكە ئوخشاش ،
شۇنداق كېلىشكەن قارا قەلەم قاش .

زىبا قەدى گويا بىر دەستە گۈل ،
زۇلپىدۇر ئۇنىڭ مىسالى سۇمبۇل .

دادىبىن شاھ ۋەزىرى كارداردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مىڭ كۆڭلى بىلەن غايىبانە ئاشىق بوپتۇ . « بۇ ئىش ئاسان ، كامكارنى چاقىرىپ ئېيتسىلا بولىدۇ » دەپتۇ ۋەزىر .

« ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ شاھ ، — سەن بېرىپ كامكارنى چاقىرىپ كەل ، بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىلسام قوبۇل قىلىشى مۇمكىن . »

كاردار دەرھال بېرىپ كامكارنى چاقىرىپ كەپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن دەپتۇ :

« كامكار ساڭا بىر سۆزۈم بار ، شۇ سەۋەبتىن سېنى چاقىرتقانىدىم . »

« دېسىلە شاھىم ، پەرمانلىرىدا مەن » دەپتۇ كامكار .

« سېنىڭ بىر قىزىڭ بار ئىمىش ، مېنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىشىڭنى خالايتتىم . »

پۇشايمان پايدا قىلمايدۇ. دادىبىن شاھ كاردار ۋەزىرنىڭ سۆزى بىلەن كامكارنى ئۆلتۈردى. كېيىن كۆپ پۇشايمان قىلدى. قىلچە پايدا قىلمىدى ئەمەسمۇ؟»

«ئۇ ھېكايە قانداق ئىكەن؟» دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. بەختىيار سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

## دادىبىن شاھ بىلەن ئىككى ۋەزىر

تارىخ سەھىپىلىرىدە شۇنداق كەلتۈرۈپتۇكى، ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇنى دادىبىن شاھ دەپ ئاتىشىدىكەن؛ ئۇنىڭ كامكار ۋە كاردار ئىسىملىك ئىككى ۋەزىرى بار ئىكەن. كامكارنىڭ ناھايىتى گۈزەل، ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى دادىبىن شاھ شىكارغا چىقىدىغان بولۇپ، كامكارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ، كاردارنى ئەرز ـ داد سورىغىلى شەھەردە قالدۇرۇپتۇ. كاردار بىر مۇھىم ئىش ئۈچۈن كامكارنىڭ سارىيىغا بارغانىكەن، تۇيۇقسىز كامكارنىڭ قىزىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ، ئۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئەمما بۇ ئىشنى پادىشاھ ئاڭلاپ قېلىپ، قىزنى پادىشاھ نىكاھىغا ئېلىۋالمىسا ئىدى دەپ ئەندىشە قىپتۇ. شۇڭا ئۇ: «ئاۋۋال ئۇنىڭغا بىر تۆھمەت قىلاي، پادىشاھ ئۇنىڭغا سىياسەت قىلغاندا، ئاندىن ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالغان بولۇپ ئۆز مۇرادىمغا يېتەي» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ خىيال بىلەن تۇرغاندا پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ كەپتۇ ۋە كارداردىن سوراپتۇ:

«ئەھۋالىڭ قانداق؟»

«ئەلھەمدۇلىللا، ئەھۋالىم ياخشى، — دەپتۇ كاردار، —

دېگەنىكەن. پادىشاھ «خوپ» دەپتۇ. ئۇلار قوغلاپ بېرىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن بىر دەريا لېۋىدە ئۇلارغا يېتىپتۇ. كاردار كامكارنى قىزى بىلەن باغلاپ ئېلىپ كەپتۇ، دادىبىن شاھ ۋەزىر كامكارنى كۆرۈپ:

«ھەي بەتبەخت! مېنى ئەخمەق قىلىپ ئالداپ نەگە باراتتىڭ؟» دەپتۇ ـ دە، كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن كامكارنىڭ قىزىغا قاراپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭمۇ غەزەپ قىلغۇسى بار ئىكەن. بىراق قىزنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىغا قاراپ غەزىپىنى بېسىپ، ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دەرھال قازى ـ قۇززاتلارنى چاقىرتىپتۇ ـ دە، كامكارنىڭ قىزىنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ.

قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر ئاغۋات بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يوق ئىكەن. شۇڭا بۇ قول مەلىكىگە «مېنى پادىشاھقا ئېيتىپ قويسىلا مەلىكەم، مەن مۇشۇ جايدا خىزمەتلىرىنى قىلسام، ئەگەر سىلىدىن ئايرىلسام گادايلىقتا قالىمەن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. مەلىكىنىڭ رەھمى كېلىپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ «ئۇنداق بولسا مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلسۇن» دەپ ئۇنى ھەرەمگە تەيىنلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇشال ـ خۇرام خىزمەت قىلىپ يۈرۈپتۇ.

ئەمدى ئۈچ ـ تۆت ئېغىز سۆزنى بەتقىلىق كارداردىن ئاڭلىغايسىز.

كاردار دېگەن بەتنىيەت كىچە ـ كۈندۈز ئۇ قىزنىڭ پىراقىدا كۆيىدىكەن. ئەمما ھالىنى مەلىكىگە ئىزھار قىلالمايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھنىڭ تەۋەسىدىكى بىر جايدا ئىسيان كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ لەشكەر تارتىپ ئىسياننى باستۇرۇشقا چىقىپ كېتىپتۇ. كاردارنى ئۆز ئورنىغا شەھەردە قالدۇرۇپتۇ.

« بۇ ماڭا دۆلەت — سائادەت ئىكەن » دەپ قوبۇل قىپتۇ كامكار ۋە پادىشاھ قېشىدىن چىقىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بۇ سۆزنى قىزىغا ئېيتىپتۇ.

« مەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە لايىق ئەمەسمەن ئاتا، — دەپتۇ قىزى، — پادىشاھلارنىڭ خىزمىتى ئوت بىلەن سوغا ئوخشايدۇ. شائىر مۇنداق دەپتىكەن:

ئاسان دېمىگىن شاھ بىلەن ئۇلپەت بولماق،
قىيىندۇر ئۇلارغا خىزمەت قىلماق. »

« بالام، ئەگەر قوبۇل قىلمىساق بىزنى ئۆلتۈرىدۇ » دەپتۇ كامكار.

« مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى ئاتا، — دەپتۇ قىز، — ئون كۈنلۈك مۆھلەت سوراڭ، ئون كۈنگىچە يول جابدۇقلىرىنى راستلاپ، 11 - كۈنى بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى. »

« ياخشى دېدىڭ بالام » دەپ كامكار قوشۇلۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كامكار پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ:

« پادىشاھىم، قىزىم رازىلىق بەردى. لېكىن بىزگە ئون كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، ئاندىن كېيىن پەرمانلىرىدا بولايلى » دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بوپتۇ ۋە « ئۇنداق بولسا ساڭا ئون كۈنلۈك ۋاقىت بەردىم، ئون كۈنگىچە بۇ ئىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلغىن، تېزرەك خاتىرجەم بولايلى » دەپتۇ. ۋەزىر پادىشاھ قېشىدىن ئۆيىگە بېرىپ، قېچىش جابدۇقىنى راستلاپتۇ ۋە بىر كېچىسى قېچىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ۋەزىر كاردار بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ، پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ دەرھال تۇتۇپ كېلىشكە 200 كىشىنى بۇيرۇپتۇ. كاردار « مەنمۇ بارساممىكىن »

ئويلاپتۇ .
پادىشاھ يېنىپ كەلگەندە ، كاردار بارلىق دۆلەت ئەمەلدارلىرى بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت - ھۆرمەت رەسمىيىتىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ . پادىشاھمۇ ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ . ئاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپتۇ . بەتنىيەت كاردار پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئات ئويىنىتىپ كېلىۋاتىدىكەن ، پادىشاھ ئۇنىڭدىن دۆلەت ئەھۋالىنى سوراپتۇ .
« ئەلھەمدۇلىللا دۆلىتىمىز مەمۇرچىلىق ، ئەمما بىر ۋەقەنى كۆردۇم ، ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ » دەپتۇ كاردار .
« ئېيتقىن ! ھەرقانداق خاپىلىق بولسىمۇ بىر تەرەپ بولىدۇ » دەپتۇ پادىشاھ .
« ھەي پادىشاھى ئالەم ، — دەپتۇ ھارامزادە كاردار ، — ھۆكۈمالار ‹ ئەگەر يىلاننى ئۆلتۈرسەڭ ئۇنىڭ بالىسىنىمۇ ئۆلتۈرگىن ، چۈنكى بىر ۋاقىتلاردا ساڭا زىيان يەتكۈزىدۇ › دېيىشكەن . »
« بۇ قانداق گەپ ؟ ھەممىنى سۆزلە ! »
« پادىشاھىم ، — دەپتۇ قارا يۈز كاردار ، — بىر كۈنى مەن مېھمانخانا ئىشىكىدە ئولتۇرغانىدىم ، مېھمانخانا ئىچىدە ئىككى ئادەم سۆزلىشىۋاتىدۇ ، نېمە دەيدۇ قېنى دەپ ئاڭلىسام ، ئاغۋات ‹ ۋاي جېنىمنىڭ ئارامى ، ۋاي مېھرىبان يارىم ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سېنىڭ ئىشقىڭدا ھېچ ھالىم قالمىدى ، نېمە ئىلاج قىلاي › دەۋاتىدۇ ، كامكارنىڭ قىزى ‹ ۋاي كۆڭلۈمدىكى يارىم ، جان دوستۇم ، مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى ، ئىككىيلەن بىرلىشىپ پادىشاھقا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرەيلى ، ئاندىن كېيىن تا ئۆلگۈچە بىللە بولىمىز › دەۋاتىدۇ . مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاران ئىچىمگە سىڭدۈرۈپ كەلدىم . مانا ئەمدى

شۇ كۈنى كامكارنىڭ قىزى باغدا ئولتۇرغانىكەن . كاردار ئايۋان ئۈستىگە چىقىپ ، قىزنى كۆرۈپ ، ئۆزىنى قىزغا ئاتماقچى بوپتۇ - يۇ ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، مەلىكىگە بىر دانە چالما تاشلاپتۇ ، مەلىكە قارىسا كاردار دېگەن قارا يۈز تۇرغان ، مەلىكە گەپ قىلماپتۇ ، مەلىكىنىڭ گەپ قىلمىغىنىنى كۆرگەن كاردار سالام قىپتۇ ، مەلىكە نائىلاج ئىلىك ئاپتۇ . بۇنى كۆرگەن كاردار خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە دەپتۇ :

« هەي تېنىمدىكى جان بولغان مېھرىبان يارىم ، ئۆزۈڭدىن بېرى كۆڭلۈمنىڭ قۇشى سېنىڭ ئىشقىڭدا پەرۋاز قىلدۇ . كېچە - كۈندۈز سېنى ئويلايمەن ، ئەگەر مېنى قۇللۇققا قوبۇل قىلساڭ ، مەن سېنى پادىشاھى ئالەمگە ئېيتىپ پۈتۈن ھەرەمگە سەردار قىلىپ قويىمەن ، ئەگەر خالىسام پادىشاھقا دورا بېرىپ ئۆلتۈرۈپ ، سېنى ئۆزۈمنىڭ قىلىمەن . پادىشاھ سېنىڭ يۈز - خاتىرەڭنى قىلماي ئاتاڭنى بىگۇناھ ئۆلتۈردى . مەن سېنىڭ ئۆچىڭنى ئېلىپ بېرەي ، ئەگەر ماڭا بويسۇنمىساڭ باياۋانغا ھەيدىۋېتىمەن . »

« هەي قارا يۈز ، خۇدادىن قورقمامسەن ؟ پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە بۇنداق خىيانەت قىلساڭ تاڭلا قىيامەتتە نېمىدەپ جاۋاب بېرىسەن ؟ » دەپتۇ مەلىكە .

« هەي مەلىكە ، — دەپتۇ كاردار ، — پادىشاھتەك بىۋاپا ئادەم دۇنيادا يوق ، ئاتاڭغا ۋاپا قىلمىدى ، ساڭا ۋاپا قىلارمۇ ؟ »

« خۇدانىڭ تەقدىرىگە ھېچقانداق چارە يوق ، تولا بىھۇدە سۆزلىمە ! » دەپتۇ مەلىكە .

كاردار ئۆز سۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى بىلىپ ، كۆڭلىدە : « ئەمدى گەپ قىلمىسام بولمايدۇ . مۇبادا پادىشاھ ئاڭلاپ قالسا مېنىڭ ئىشىم تەس بولۇپ قالىدۇ ، شۇڭا بىر ھىيلە - مىكىر بىلەن بۇ مەلىكىنى كۆزدىن يوقىتىشىم كېرەك » دەپ

شۇ كۈنى دادىسىنىڭ شاھىنىڭ تۆگە باققۇچىسى بىر قاتار تۆگىلەرنى يوقىتىپ قويغانىكەن. ئىزدەپ يۈرسە نېرىدىن بىر تۆگە كۆرۈنۈپتۇ. تۆگىچى شۇ تەرەپكە بېرىپتۇ. قارىسا ئاپتاپتەك چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرغان. تۆگىچى ھەر قېتىم كېلىشىدە بۇ يەرگىمۇ كېلىدىكەن. ئەمما بۇيەردە بۇلاق يوق ئىكەن، بۇ قېتىم بۇلاق پەيدا بولۇپ قاپتۇ. تۆگىچى ئەقىللىق كىشى ئىكەن، ئۇ بۇ قىزنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ. ئۇ بىر سائەت سەۋر قىپتۇ، مەلىكە نامازنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، دەرھال كېلىپ سالام قىپتۇ. «قىزىم مېنى ئاتىلىققا قوبۇل قىلساڭ» دەپتۇ تۆگىچى. قىز قوبۇل قىپتۇ ۋە تۆگىچىنى «ئاتام» دەپتۇ.

«قىزىم، — دەپتۇ تۆگىچى، — بىرنەچچە كۈن بولدى، يەتتە قاتار تۆگىنى يوقىتىپ قويدۇم، بىر دۇئا قىلساڭ تۆگىلەر تېپىلسا ئەجەب ئەمەس ئىدى.»

مەلىكە دەرھال دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ، تۆگىچى «ئامىن» دەپتۇ. خۇدايىتائالانىڭ پەرمانى بىلەن تۆگىلەر پەيدا بولۇپتۇ. تۆگىچى خۇشال بولۇپ ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ.

«بۇ باياۋاندىن ئاۋات يۇرت ئىچىگە بارايلى بوتام، — دەپتۇ تۆگىچى، — بۇ يەر شىر - يولۋاسلارنىڭ ماكانى، بۇ يەردە تۇرغىلى بولمايدۇ.»

مەلىكە «خوپ» دەپتۇ. تۆگىچى مەلىكىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئارغامچىسىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، تۆگىلەرنى ھەيدەپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ، ناماز خۇپتەن ۋاقتىدا، شەھەرگە كىرىپ، ئۆز ئۆيىگە چۈشۈپتۇ، تۆگىچى دەرھال مەلىكىگە بىر ئىبتىكاپخانا تەييارلاپ بېرىپتۇ، مەلىكە شۇ ئىبتىكاپخانىدا ئىبادەتكە مەشغۇل بوپتۇ.

بىر كۈنى تۆگىچىنى پادىشاھ ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ،

ھەزرەتلىرى كەلدىلە ، قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلەلا . »
پادىشاھ شۇ زامان ئۆيىگە كىرىپ ، قولىغا قىلىچ ئېلىپلا ، ھېلىقى بىچارە ئاغۋاتنىڭ قولىنى چېپىپ ، پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ . ئاندىن كېيىن كامكارنىڭ قىزىنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ . كاردار ئۇنى توسۇپتۇ : «پادىشاھى ئالەم ، مەزلۇم كىشىنى ئۆلتۈرۈش ياخشى ئەمەس ، ئۇنى تۇتۇپ تۆگىگە مەھكەم باغلاپ ، باياۋانغا ھەيدىۋېتىش كېرەك . ئۇ يەردە ئۇسسۇزلۇق ، ئاچلىق بىلەن ئۆزى ئۆلۈپ كېتىدۇ . »
پادىشاھ بۇيرۇق بېرىپتۇ . تۆگە كەلتۈرۈشۈپتۇ . ئۇ بىچارە ئايالنى تۆگىگە باغلاپ باياۋانغا ھەيدىۋېتىپتۇ . تۆگە مەلىكىنى ئېلىپ باياۋاندا كېتىۋېرىپتۇ . مەلىكە كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئۇسساپ ، خۇددى سەدەپتەك قۇرۇپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن شۇ سائەتتە خۇداغا مۇناجەت قىلىپ « ئىبارا خۇدايا ، ماڭا بىر تامچە سۇ بەرسەڭ ھەمدۇساناغا تىلىمنى جارى قىلىپ سېنىڭ يادىڭدا جان بەرسەم ! » دەپ نەزمىنى ئوقۇپتۇ :

خۇداۋەندە مېنى قىل بۇ غەمدىن ئازاد ،
گۇناھىم يوق ، مېنى قىلساڭچۇ بىر شاد .
نېسىپ ئەتكىن ماڭا بىر قەترە سۇ ،
سېنى ياد ئەيلەيىن يۈز مەرتە ياھۇ .

مەلىكە مۇناجەتنى ئوقۇۋاتقاندا تۆگە يېتىپتۇ - دە ، مەلىكىنى باغلىغان ئارغامچىلار يېشىلىپ كېتىپتۇ . مەلىكە دەرھال تۆگىدىن چۈشۈپتۇ ، قارىسا تۆگە بىر بۇلاق يېنىدا ياتقۇدەك . مەلىكە ئۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ ، تاھارەت ئېلىپ ، ئاشۇ تونۇردەك قىزىغان باياۋاندا خۇدايىتائالاغا شۈكۈرلەرنى قىپتۇ . تۆگە بولسا خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭغا سايىۋەن بولۇپ تۇرۇپتۇ .

پادىشاھ رازى بولۇپ بىر بۆلۈگىدا ئولتۇرۇپتۇ.

«ئاتا كاردار ۋەزىرگە بېرىپ، سىزنى كامكارنىڭ قىزى چاقىرىدۇ دەپ باشلاپ كېلىڭ» دەپتۇ مەلىكە تۆگىچىگە. تۆگىچى بېرىپ كاردارنى چاقىرىپ كەپتۇ، كاردار خۇشاللىقىدا ئاغزى - قۇلىقىغا يېتىپ، قېشىغا كەپتۇ. كېلىپ قارىسا كامكارنىڭ قىزى ئولتۇرغان، كاردار سالام قىپتۇ. «جېنىم، جانانىم، — دەپتۇ كاردار، — قۇتۇلغىنىڭ ئەجەبمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ. ئۇ كۈنى سېنى تۆگىگە باغلاپ باياۋانغا ھەيدىدى. مەن سېنى كەينىڭدىن ئىزدەشكە زادىلا پۇرسەت تاپالمىدىم. بۈگۈن ئۆيۈمگە كېلىپ، ئەمدى قولۇم بوشاپتۇ، سېنى ئىزدەپ تاپاي دەپ تۇرسام، تۆگىچى كېلىپ خەۋەر قىلدى. ھەي جېنىمنىڭ ئارامى، ھەي كۆڭلۈمنىڭ ھۇزۇرى، مېنىڭ ئاشۇ كۈندىكى سۆزۈمنى قوبۇل قىلغان بولساڭغۇ بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەيتتى. مەن ئاشۇ كۈنى ئايۋان تۆپىسىدە چالما تاشلاپ ساڭا چاقچاق قىلغانىدىم. مېنى دوستلۇققا قوبۇل قىلغىن، مەقسىتىمگە يەتكۈزگىن، ئۇنداق زالىم پادىشاھقا ئىشەنمىگىن، سېنىڭ ئاتاڭنى ئۆلتۈردى، سېنىمۇ بىر كۈنى ئۆلتۈرىدۇ دېگەنىدىم. ساڭا ماقۇل كەلمىدى، ئەمدى ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ھەي جېنىمنىڭ مەھبۇبى، مەن تىرىكلا بولىدىكەنمەن، سېنىڭ قۇلۇڭمەن. ئەگەر خالىساڭ بۈگۈن كېچە خىزمىتىڭدە بولسام.»

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، تاقەت قىلالماي ئۆزى تۇرغان ئۆيدىن چىقىپ، ۋەزىرى كاردارنىڭ كۆكسىگە خەنجەر بىلەن شۇنداق ئۇرۇپتۇكى شۇئان جېنى چىقىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ مەلىكىنى ھەرەمگە ئېلىپ بېرىپتۇ. كامكارنى ئۆلتۈرگىنىگە يۈز مىڭ پۇشايمان بولسىمۇ پايدا بەرمەپتۇ.

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە بەختىيار شۇنداق دەپتۇ:

« بىر ھېكايە ئېيتقىن » دەپ بۇيرۇپتۇ.

« پادىشاھ ئالەم بىر ۋەقە كۆردۈم. ھەر تەرىپىنى ئويلاپ كۆردۈم. ئەگەر ھەزرەتلىرى قۇلاق سالسىلا، ئۇ ۋەقەنى بايان قىلسام » دەپتۇ تۆگىچى. پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. تۆگىچى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

بىر ئاي بولدى. مەن بىر قاتار تۆگىلەرنى يوقىتىپ قويغانىدىم. ئىزدەپ يۈرسەم تۇيۇقسىز باياۋاندا بىر تۆگە كۆرۈندى. بېرىپ قارىسام بىر قىز شۇ باياۋاندا ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. بىر تۆگە ئۇنىڭغا سايىۋەن بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ باياۋاندا ئىلگىرى بىر تامچىمۇ سۇ يوق ئىدى، بىر بۇلاق پەيدا بولۇپ قاپتۇ. يېقىن بېرىپ ھۆرمەت بىلەن قىزىم، مېنى ئاتىلىققا قوبۇل قىلغىن دېدىم. ئۇ قوبۇل قىلدى. كېيىن، ماڭا بىر دۇئا قىلغىن، تۆگىلىرىم تېپىلسا بولاتتى، دېۋىدىم، ئۇ دۇئا قىلدى. دەرھال تۆگىلىرىم ھازىر بولدى. ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ قىزغا دەرھال بىر ئېتىكاپخانا قىلىپ بەردىم. ھازىرمۇ ئاشۇ جايدا ئىبادەتكە مەشغۇل ». پادىشاھ « مەنمۇ بېرىپ شۇ قىزدىن دۇئا ئالاي » دەپتۇ ـ دە، شۇ ھامان تۆگىچىنىڭ ماكانىغا بېرىپتۇ. قارىسا قىز ئىبادەتكە مەشغۇل ئىكەن. بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، نامازنى تۈگىتىپتۇ. پادىشاھ تونۇپ، دەررۇ بېرىپ قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ، ناھايىتى كۆپ ئۆزرە ۋە تووۋىلارنى قىپتۇ.

« مەن بۇ ئىشلارنى ئۇقماپتىمەن، مەندىن رازى بولغىن » دەپتۇ پادىشاھ.

« پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ مەلىكە، مەن سەندىن شۇ ۋاقىتتا رازى بولىمەنكى، سەن بىر بولۇڭدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرغىن، كاردارنى بۇ يەرگە ئەكېلەيلى، ئۇ نېمە دەيدىكىن قېنى. »

بارغۇ ؟ ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمەڭ . بۇ خۇددى ئىراق پادىشاھىنىڭ قىزى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن مۇرادىغا يەتكەندەك بىر ئىش . »

« ئۇنىڭ ھېكايىسى قانداق ئىكەن ، سۆزلىگىنە ! » دەپتۇ شاھ شۇ ھامان .

بەختىيار شېرىن سۆزلەرنى تىزىپ ، شۇنداق سۆزلەشكە باشلاپتۇ :

## ئىراق پادىشاھىنىڭ قىزى

تارىخ سەھىپىلىرىدە شۇنداق كەلتۈرۈلۈپتۇكى ، ھەبەش شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن . ئۇنىڭ لەشكەر ۋە نۆكەرلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز بولۇپ ، ئۇ پادىشاھنىڭ ھېچبىر دۈشمىنى يوق ئىكەن . شۇڭا نۆكەرلىرىگە ھېچ ۋەزىپە بۇيرىمايدىكەن ھەم بىرەر نەرسە ئىنئاممۇ قىلمايدىكەن . شۇ سەۋەبلىك لەشكەرلەر نارازى بولۇپ ، ھەممىسى يىغىلىپ ، ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئېيتىشىپتۇ . ۋەزىرنىڭ ئۇلارغا رەھمى كېلىپ : «سىلەر كېتىڭلار ، مەن چارىسىنى قىلاي » دەپ ئۇلارنى ياندۇرۇپتۇ ۋە يالغۇز ۋەزىرلەر بىرلىكتە :

« پادىشاھىمىز خوتۇنباز كىشى ، ئىراق پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىمىش ، ناھايىتى كېلىشكەن ساھىبجامالمىش ، ئۇنىڭ ھۆسن ـ لاتاپىتىنى تەرىپلەپ ، پادىشاھقا سۆزلەپ بېرەيلى ، ئەگەر ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ مەيلى بولۇپ قالسا ئەلچى ئەۋەتىدۇ ، لېكىن ئىراق پادىشاھى قىزىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن ، شۇڭا قوبۇل كۆرمەي ئەلچىلەرنى ياندۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئۇ قىزغا بولغان ھەۋىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ـ دە ، بىزگە مەسلىھەت

« مانا پادىشاھىم مېنى ئۆلتۈرسىلە ، كامكارغا ئوخشاش بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولسا ، ئۇ چاغدا ھەسرەت - نادامەت پەيدا بەرمەيدۇ . »

پادىشاھقا بۇ سۆز يېقىپ قاپتۇ ، بەختىيارنى ئۆلتۈرمەي يەنە زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ . يەتتىنچى كۈنى ئەنبەر شاھ دېگەن ۋەزىر پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كىرىپتۇ . دۇئادىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ :

« بۈنىگدىن ئارتۇق سەۋر - تاقەت قىلىشقا ئورۇن قالمىدى ، پادىشاھى ئالەم ! ئەمدى خوتۇن كىشىلەر : پادىشاھ بەختىيارنى ھېچنېمە قىلمىدى . ئەگەر بىزمۇ ئاشنا تۇتساق ئەرلىرىمىز بىزنى نېمە قىلالايتتى دېيىشىۋاتىدۇ . »

پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ ، دەرھال مەلىكە قېشىغا كىرىپتۇ - دە ، مەلىكىدىن سوراپتۇ .

« بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرۈشكە نېمە دەيسەن ؟ »

« ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ ياخشى بولىدۇ پادىشاھىم » دەپتۇ مەلىكە .

پادىشاھ تاشقىرى چىقىپ دەرھال بەختىيارنى ھازىر قىلىشقا بۇيرۇپتۇ .

« ھەي ئوغرى ، سېنىڭ يامان نىيەتتە بولغانلىقىڭنى مەلىكىمۇ ئىسپاتلاپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى ، بۈگۈن سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى ، پۈتۈن ئالەم ئىبرەت ئالسۇن » دەپتۇ پادىشاھ .

« پادىشاھى ئالەم ، — دەپتۇ بەختىيار ، — ئاياللار ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ . ئاياللارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى كۆپ بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرسە ئەرلەرنىڭ ئىشى روناق تاپالمايدۇ . ‹ بىر خوتۇننىڭ ھىيلە - مىكرى قىرىق ئېشەككە يۈك بولىدۇ › دېگەن مەشھۇر تەمسىل

ئاندىن باشقا پەرزەنتىم يوق . ئۇنى جېنىم بىلەن تەڭ كۆرىمەن ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى كىشىگە بەرمەيمەن ! » دەپ ئەلچىلەرنى نائۇمىد ياندۇرۇۋېتىپتۇ .

ھەبەش پادىشاھى بۇ سۆزدىن خاپا بولۇپ « ئىراق تۇپرىقىنى ھەبەشكە كەلتۈرمەيدىغان بولسام » دەپ قەسەم قىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ قارارغا جەزم قىلىپ بۇيرۇق بېرىپ ، خەزىنە ئىشىكلىرىنى ئېچىپ ، لەشكەرلەرگە ناھايىتى نۇرغۇن مال تارقىتىپ بېرىپتۇ ۋە لەشكەرلىرىنى يىغىپ ئىراق دىيارىغا راۋان بوپتۇ . ئىراق پادىشاھىغا « ھەبەش پادىشاھى ناھايىتى زور قوشۇن بىلەن كېلىۋېتىپتۇ . ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قۇم ـ تۇپراقتىنمۇ كۆپمىش » دېگەن خەۋەر يېتىپ بېرىپتۇ . بۇ خەۋەرنى يىراقتىن ئاڭلىغان ئىراق پادىشاھى سۈلھى قىلماقچى بولۇپتۇ ۋە « ھەبەش پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتەيلى » دەپ مەسلىھەتلىشىپ ، ئەلچى ئەۋەتىپتۇ . ئەلچىلەر بېرىپ : « مۇرادىڭلار نېمە بولسا ، شۇنى قىلايلى » دەپتۇ . ھەبەش پادىشاھى لەشكەرلىرىگە « قوشۇن توختىتىلسۇن » دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ ۋە ئەلچىلەرگە قاراپ : «مېنىڭ مەقسىتىم شۇكى ، پادىشاھ مېنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلسا ئۇنىڭ خالىغىنىغا مۇۋاپىق ئىش بولىدۇ » دەپ مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىپتۇ . ئەلچىلەر مەكتۇپنى ئېچىپ ئىراق پادىشاھىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . ئىراق پادىشاھى مەكتۇپنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، كۈيئوغۇللۇق جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ ئەۋەتىپتۇ .

ھەبەش پادىشاھى قائىدىسىنى قىلىپ ، قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ . قارىسا ھۆسنى ئاڭلىغىنىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىكەن . ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ توي ـ تاماشا قىپتۇ ، مۇرادىغا يېتىپتۇ . ئىراق پادىشاھى خۇشاللىق بىلەن ھەبەش پادىشاھىنى ئۆز يۇرتىغا يولغا سالتۇ . پادىشاھ ئۆز مەملىكىتىگە يېتىپ بارغاندا ،

سالىدۇ، ئۇ چاغدا بىز: لەشكەر ۋە نۆۋكەرلەرگە نەرسە ـ كېرەك ئىنئام قىلساق، ئۇلارغا مەمنۇن بولۇپ، بۇيرۇغان ئىشنى جان ـ دىلى بىلەن بەجا كەلتۈرىدۇ، ئىراقتىن ئۇ قىزنىمۇ ئەكېلىپ بېرەلەيدۇ، چۈنكى لەشكەرلەر ئىراقنى ئالغاندىن كېيىن، ئىراق مۇرادىغا يېتىدۇ. لەشكەرلەرمۇ باي بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت پادىشاھى نائىلاج قىزنى بېرىدۇ دەيمىز، بۇ ئارقىلىق پادىشاھمۇ قىلىشىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ:

«ۋاي پادىشاھى ئالەم! ئىراق پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئىنتايىن ساھىبجامال ئىكەن، باغدادتىن كەلگەنلەر بەك ماختايدۇ...» دەپ گەپنى قاملاشتۇرۇپ، راسا تەرىپلەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈز جان ۋە مىڭ كۆڭۈل بىلەن ئۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ: «ھەي يېقىن ۋەزىرلىرىم! بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى نېمە؟» دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

«بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى شۇكى، بىر ئەقىللىق ۋە زېرەك كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىش كېرەك. ئەگەر قوبۇل قىلسا ياخشى، بولمىسا لەشكەر بارسۇن» دەپتۇ ۋەزىرلەر. پادىشاھ «بۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى» دەپتۇ ـ دە، دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە لەشكەرلەرگە نۇرغۇن پۇل ۋە مال تارقىتىپ بېرىپتۇ.

ئىراققا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر بولسا قانچىلىغان مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇ يەرگە بېرىپتۇ ۋە ئىراق پادىشاھىغا ئەدەپ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ھەبەش پادىشاھىنىڭ دۇئا ۋە سالىمىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئىراق پادىشاھىنىڭ غەزىپى كەپتۇ ۋە «مەن زەڭگىلەرنى يامان كۆرىمەن، ئۇلارغا قىز بەرمەيمەن. بۇرۇندىن تارتىپ ئىراقلىقلار بىلەن ھەبەشلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بار. ئۇ ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. ئەگەر مېنى بۇ ئىشنى قوبۇل قىل دېسەڭلار پۈتۈن يۇرت ئەھلى ماڭا كايىيدۇ،

پادىشاھ .

« ئاتام ئۇنىڭدىن بىردەم ئايرىلالمايدۇ . ئەگەر ئايرىلسا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ ، لېكىن ئۇ قۇل بالا لازىم بولسا ، ئۇنى كەلتۈرسەك بولىدۇ . »

« قايسى تەرىقىدە كەلتۈرۈش كېرەك ؟ »

« بىر كىشىنى سودىگەر قىياپىتىدە ئەۋەتىش كېرەك . ئۇ ئىراق دىيارىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن پادىشاھقا مەنزۇر بولغۇدەك تارتۇقلار بىلەن ئاتامنى كۆرگىلى كىرسۇن ، بىرەر پۇرسەت تاپقاندا قۇل بالىنىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنە سىنى ھەبەشكە ئېلىپ بارىمەن دېسە ، ئۇ ماقۇل بولۇپ بىللە كېلىدۇ . » دەپتۇ مەلىكە .

ھەبەش پادىشاھىغا بۇ سۆز ماقۇل كەپتۇ . پادىشاھنىڭ بىر خىزمەتكارى بار ئىكەن ، ھەرقانداق ئىشقا يارايدىغان ئەقىللىق ۋە دانا كىشى ئىكەن . پادىشاھ ئۇنى چاقىرىپ « ئەگەر بېرىپ ئاشۇ قۇل بالىنى ئېلىپ كېلەلىسەڭ ، ساڭا ئون نەپەر پاكىز قۇل بالا ۋە ئون نەپەر چىرايلىق كېنىزەك بېرىمەن » دەپتۇ . خىزمەتكار دەرھال يول جابدۇقىنى قىلىپ ، يولغا راۋان بوپتۇ . بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ ، نەچچە مەنزىللەردىن ئۆتۈپ ئىراققا يېتىپتۇ ، ئىراقتىن باغداد شەھىرى كۆرۈنگەن چاغدا ، بىر مەنزىلگە چۈشۈپتۇ . ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ، ئەڭ ياخشى تۆھپىلەر ۋە لايىق ھەدىيەلەرنى ئېلىپ ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ . ئىراق پادىشاھى بۇ خىزمەتكارنى ناھايىتى ياخشى ئىززەت - ھۆرمەت قىپتۇ . خىزمەتكار بىرنەچچە كۈن پادىشاھنىڭ قېشىدا تۇرۇپتۇ ، بىر كۈنى پۇرسەت تاپقاندا قۇل بالىغا شۇنداق دەپتۇ :

« ئوغلۇم ، ئىلىم - ئەدەپتە كامىل ، پاساھەت ۋە گۈزەللىك ئىگىسى ئىكەنسەن . ئەگەر ھەبەش پادىشاھىنىڭ قېشىغا بارساڭ ، ھەددى - ھېسابسىز ئىززەت - ھۆرمەتلەرنى كۆرەتتىڭ ۋە سان -

بارلىق چوڭ ـ كىچىك ھەبەشلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. ھەبەش پادىشاھى ئىراق مەلىكىسىنى ئېلىپ، چىرايلىق جابدۇلغان شەھەرگە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كىرىپ كەپتۇ ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بوپتۇ. لېكىن مەلىكىنىڭ ئاۋۋالقى ئېرىدىن بىر ئوغلى بارئىكەن، ئىراق پادىشاھى ئۇ ئوغۇلنى قېشىدا ئېلىپ قالغان بولۇپ، مەلىكىنى سېغىنغانلىقىنى شۇنىڭ بىلەن دەپئى قىلىدىكەن، ئۇنى ئۆز يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىمايدىكەن. لېكىن مەلىكە ئۆزىنىڭ ئوغلى بارلىقىنى ھەبەش پادىشاھىدىن يوشۇرىدىكەن. شۇ بالىسىنى سېغىنغانلىقىدىن كېچە ـ كۈندۈز خۇددى باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك يىغلايدىكەن. مەلىكە بىر ھىيلە بىلەن ئوغلىنى قېشىغا ئەكىلىۋېلىشنى خالايدىكەن.

بىر كۈنى ھەبەش پادىشاھى مەلىكە بىلەن بىللە ئولتۇرغاندا، مەلىكە ئادەتتىكىگە خىلاپ ھالدا سۆز باشلاپ، ئاتا ـ ئانىسىنى راسا مۇبالىغە قىلىپ تەرىپلەشكە باشلاپتۇ. ھەبەش شاھى شۇنداق دەپتۇ: «مەن ئىراق دىيارىغا لەشكەر تارتىپ باردىم، بىر ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىدى ۋە قورقۇنچتىن سېنى ماڭا بەردى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئىراق دىيارىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، تۇپراقلىرىنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ سورىغان بولاتتىم.»

«ئۇنداق زور قۇدرەت ئاتامدا بولماي، سەندە نېمە قىلسۇن!» دەپتۇ مەلىكە.

«ئاتاڭنىڭ قايسى بىر دۆلىتى مەندىن ئارتۇقكەن؟» دەپتۇ پادىشاھ.

«ھەي پادىشاھى ئالەم، ــ دەپتۇ مەلىكە، ــ ئاتامنىڭ بىر قۇل بالىسى بار. ھۆسن ـ جامالىدا تەڭدىشى يوق، شۇنداق كېلىشكەن بالىكى، ئۇنىڭ مىسالى تېپىلمايدۇ.»

«ئۇنى ماڭا بەرسە، ھەر نېمە دېسە بېرەتتىم» دەپتۇ

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېسىل شاھانە لىباسلارنى كىيدۈرۈشۈپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەرزەنتلىك مېھرى تۇغۇلۇپتۇ. دەرھال فەررۇخ زادىنى مەلىكە قېشىغا باشلاپ كىرىپتۇ. «قول بالىنى كەلتۈرۈپ بەر دېۋىدىڭ مەلىكە، مانا كەلتۈردۇق، خۇشال بول» دەپتۇ پادىشاھ. مەلىكە ئوغلىنى كۆرۈپ ھەق سۇبھانالللاغا شۇكۇرلەرنى قىپتۇ. لېكىن پادىشاھتىن خىجالەت بولۇپ ئوغلىغا ھەرگىزمۇ سۆز قىلمايدىكەن. چۈنكى ئۇنى ئۆزى پادىشاھ قېشىدا تەربىي قىلغانىدى ـ دە، قول بالا مەلىكىنىڭ ئوغلى ئىكەن دەپ گۇمان قىلىپ قالمىسۇن، دەپ ئېھتىيات قىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ شىكارغا چىقىپتۇ، ھەرەم ۋە ساراي خالىي قاپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە مەخپىي ھالدا ئوغلىنى قېشىغا كەلتۈرۈپتۇ. فەررۇخ زادىنى كۆرگەن مەلىكە سەۋر ـ تاقەت قىلالماپتۇ. پەرزەنتىنىڭ مۇھەببىتى يۈرىكىنى چاك قىلىپ، ئايرىلىش دەردىدىن ھالاك بولغىلى ئاز قالغان مەلىكە پەرزەنتىنى قۇچىقىغا ئاپتۇ ۋە بوينىغا قول سېلىپ تۇرۇپ: «جېنىم بالام، يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام، جۇدالىق ئوتىدا كاۋاپ بولۇپ، ئارتۇق تاقىتىم قالمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن سېنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن قېشىمغا ئەكىلىۋالدىم» دەپتۇ. ئەمما بۇ گەپنى ساراي باشلىقى ئاڭلاپ قېلىپ:

«نېمە ئىش بۇ؟ پادىشاھنىڭ ھەرىمىدە مۇنداق سۆزلىشىدىيا، پادىشاھ سالامەت قايتىپ كەلسە، بۇ ۋەقەنى ئېيتىمەن!» دەپتۇ.

پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ كەلگەندە، ساراي باشلىقى پۇرسەت تېپىپ ئەرز قىپتۇ: «ھەرەم ئىچىدە بىر ۋەقەنى كۆردۈم، پادىشاھى ئالەم! فەررۇخ زادە بىلەن مەلىكە بىر ـ بىرىگە ئاشىق

ساناقسىز ئالتۇن ــ كۇمۇشلەرگە ئېرىشەتتىڭ . »

قۇل بالا زېرەك ئىكەن ، خىزمەتكارنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ . « مېنىڭمۇ بارغۇم بار ، ــ دەپتۇ قۇل بالا ، ــ مەنمۇ ھەبەش پادىشاھى ناھايىتى خەلقپەرۋەر ، ئىنساپلىق پادىشاھ دەپ ئاڭلىغانىدىم ، شۇڭا شۇ يەرگە بىر بارسام دەپ نىيەت قىلىپ يۈرەتتىم . » خىزمەتكار بەكمۇ خۇشال بوپتۇ : « ئىراق مەلىكىسى شۇ يەردە ، ساڭا سانسىز ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ ، مەرھەمەت كۆرسىتىدۇ . كۆڭلۈڭنى ئىزدەيدۇ . شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك دۆلەت . »

« ئەي خىزمەتكار ، ــ دەپتۇ قۇل بالا ، ــ ئەگەر مېنى ئاشۇ يەرگە سالامەت يەتكۈزسەڭ مەن ئۈچۈن قانچە خىراجەت كەتكەن بولسا تۆلەيمەن . يەنە سېنىڭ خىزمىتىڭنى ياخشى قىلىمەن . »

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىللە كېتىدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ . خىزمەتكار بىر ساندۇق تەييارلاپتۇ ، قۇل بالىنى ساندۇققا سېلىپ ئاغزىنى چىڭ ئېتىپتۇ ، ساندۇقنى يۈكنى ئۈستىگە ئارتىپ ئىراق شەھرىدىن چىقىپ كارۋانلارغا قوشۇلۇپ ، ھەبەش تەرەپكە راۋان بولۇپتۇ . تاڭ ئاتقاندا پادىشاھ قۇل بالىنىڭ يوقالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ، قانچە ئىزدەتكەن بولسىمۇ ، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالماپتۇ . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شاھزادە بىلەن خىزمەتكار ھەبەشكە يېتىپ بېرىپتۇ . خىزمەتكار شاھزادىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ . ھەبەش پادىشاھى ئۇنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن مەلىكە تەرىپ قىلغاندىن يۈز دەرىجە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ . ھەبەش پادىشاھى ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ سوراپتۇ :

« ئىسمىڭ نېمە ؟ »

« ئىسمىم فەررۇخ زادە » دەپتۇ شاھزادە .

ھەل قىلالايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ مەزلۇم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

«سىزگە نېمە بولدى مەلىكە. ھەمىشە يىغلاپ ئولتۇرىسىزغۇ؟»

مەلىكە بېشىنى تۆۋەن سايتۇ، ئەمما جاۋاب بەرمەپتۇ. موماي ئۇنىڭغا يەنە دەپتۇ:

«ئۇيالماڭ مەلىكەم، ھەرقانداق سىرىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ، ئىنشائاللا بۇ رەنجى ئەلەمدىن خالاس بولغايسىز. مەن سىزگە قەسەم ئىچىپ بېرەي، سىرىڭىزنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، ئىشىڭىزنى پىنھان تۇتىمەن.»

«ھەي ئانا، — دەپتۇ مەلىكە، — ماڭا بىر مۇھىم ئىش دۇچ كەلگەندى، ئۇنى ئېيتماي يۈرەتتىم. ئەمما سەن قەسەم ئىچتىڭ، ئەمدى ئېيتاي، مېنىڭ ئاۋۋالقى ئېرىمدىن بىر ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنى بىر ئامال بىلەن بۇ يەرگە كەلتۈرگەنىدىم. كېچە – كۈندۈز كۆز ئالدىمدا تۇرسۇن دېگەنىدىم. ئەمما بۇ شەپقەتسىز تەقدىر مېنى ئۇنىڭدىن جۇدا قىلدى، مەنغۇ ھەممە رەنجى بالاغا سەۋر قىلىمەن. ئەمما پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە ماڭا نىسبەتەن گۇمان بولمىسىدى كاشكى. قاچان قارىسام ئۇنى كۆڭلى مەيۈس كۆرىمەن، ئەمدى نېمە قىلسام پادىشاھ مەندىن خۇش بولىدىكىن، ھېچ بىلەلمىدىم.»

«ۋاي جېنىم بالام! بۇ ئىش ئاسان، — دەپتۇ موماي، ساڭا بىر نەرسىدىن تەلىم بېرەي، شۇنداق قىلساڭ ھەممە غەملەر كۆڭلۈڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، سەن كەچتە ئىلگىرى ياتقىن، ئەمما كۆزۈڭنى ئاچمىغىن. پادىشاھ كۆكسۈڭگە بىر نەرسىنى قويىدۇ ۋە 〈مۇشۇ پۈتۈلگەن ئىسمى – ئەزمەلەرنىڭ ھەققى

بولۇشۇپ ، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ ۋە سۆيۈشۈپ تۇرىدۇ . »
بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ غەزەپلىنىپ ھەرەمگە كىرىپتۇ ۋە فەرروۇخ زادىگە : « ھەي بىھايا قۇل ! مېنىڭ ھەرىمىمگە خىيانەت قىپسەنغۇ ؟ » دەپ ۋارقىراپتۇ .
« مەن بىگۇناھمەن ، ھېچقانداق يامان ئىش قىلغىنىم يوق » دەپتۇ فەرروۇخ زادە .
« ئاڭلىدىڭمۇ مەلىكە ، بۇ قۇل نېمە دەيدۇ ؟ » دەپتۇ پادىشاھ مەلىكىگە .
مەلىكە جىمۇش بولۇپ قاپتۇ ـ دە ، مەرۋايىتتەك ياشلىرى ئېقىشقا باشلاپتۇ . شۇندا پادىشاھ ئىشىك باقارغا بۇيرۇپتۇ :
« دەرھال بۇ قۇلنى ئاچىقىپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىل . »
ئىشىك باقار دەرھال فەرروۇخ زادىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپتۇ . ئۇ فەرروۇخ زادىنىڭ يۈزىگە قارىسا جامالى خۇددى تولغان ئايدەك گۈزەل ئىكەن . « بىر خوتۇن ئۈچۈن مۇنداق يىگىتنى ئۆلتۈرسە زايا كېتىدۇ ، بۇ ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس » دەپ ئويلاپتۇ ئىشىك باقار . شۇئاندا فەرروۇخ زادە ئۇنىڭغا :
« ھەي جاناب ، مەن بىگۇناھمەن ، مېنىڭ ئەھۋالىم خۇداغا مەلۇم . ماڭا ياخشىلىق قىلساڭ زايا كەتمەيتتى . تېز ئارىدا مېنىڭ بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولۇشى ئېھتىمال ، چۈنكى مەن ئىراقتا بىر قەۋمنىڭ سەردارى ئىدىم ، گەرچە پەس تىرىكچىلىك مېنى بۇ ئىشلارغا سالغان بولسىمۇ ، خۇدايىتابارەك ۋە تائاللا ماڭا قۇتۇلۇشنى نېسىپ قىلار ۋە شادلىق دۆلىتىگە يەتكۈزەر دەپ ئۈمىد قىلىمەن ! » دەپتۇ . شۇڭا ئىشىك باقار ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ تائام كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيىدە ساقلاپتۇ . ئۇ جايدا پادىشاھنىڭ بىر ئىنىكئانىسى بار ئىكەن . ئۇ خوتۇن ھەرقانداق مۈشكۈل ئىشلارنى

كىشىنىڭ سىرىنى بىلەي دېسەڭ ، بۇ دۇئانى ئوخلىغان ۋاقتىدا ئوقۇساڭ ياكى ئۇنى كۆكسىگە قويساڭ ، پەرمانى ئىلاھى ۋە مۆجىزاتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ھەر قانداق سىرى بولسا ئېيتىدۇ ، لېكىن ئۆزى ئويغانمايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزى بىلمەيدۇ . ئەگەر ئىجازەت بولسا كەلتۈرسەم . »

« ۋاي مېھرىبان ئانام ، بارغىن ! دەرھال ئۇنى كەلتۈرگىن ، غەم ـ ئەندىشىلەر كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن » دەپتۇ پادىشاھ . ھىيلىگەر موماي ئۆيىگە بېرىپ ، ئوقۇغىلى بولمايدىغان بىر پارچە پۈتۈكنى كۆتۈرۈپ پادىشاھقا كەلتۈرۈپتۇ : « مانا بالام ! بۇ دۇئاغا تەزىم قىلغىن . بۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ يادىكارلىرى . »

پادىشاھ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قەغەزنى قولىغا ئاپتۇ ۋە تەزىم قىپتۇ ، ئۇ بالدۇرراق كەچ بولۇپ مەلىكىنىڭ ئۇخلىشىغا ، ئۆزى بولسا موماي ئېيتقاندەك قىلىشقا ئىنتىزار بوپتۇ . ئاخىر كۈن كەچ بوپتۇ . پادىشاھ ھەرەمگە كىرىپتۇ . قارىسا مەلىكە ئۇخلاپ ياتقانىكەن . ئۇ دۇئانى مەلىكىنىڭ كۆكسىگە قويۇپتۇ ۋە « ئىبارا خۇدايا ! بۇ دۇئانىڭ ھۆرمىتىدىن ئۇشبۇ ياتقان بەندىنىڭ تىلى سۆزگە جارى بولغاي ، كۆڭلىدە ھەر نېمە بولسا ئېيتقاي ! » دەپتۇ . پادىشاھنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ، مەلىكە سۆزگە كىرىشىپتۇ . كۆڭلىدە نېمە بار بولغان بولسا باشتىن ـ ئاخىرىغىچە بايان قىپتۇ :

« ئۇ قول بالا ئەمەس ئىدى ، ئۆز پەرزەنتىم ئىدى ، بىگۇناھ ئۆلدى . خۇدايىتائاللانىڭ ھۆكمى شۇنداق ئىكەن ، ئۇنىڭغا چارە يوق . ئەمدى پادىشاھ مەن بىلەن خوپ بولسىدى كاشكى » دەپ يىغلاپتۇ . پادىشاھ مەلىكىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ . مەلىكە ئويغىنىپ : « نېمە بولدى ؟ ماڭا نېمانچە مېھرىبانلىق

ھۆرمىتى، بۇ ياتقان كىشىنىڭ ھەرقانداق سىرى بولسا ماڭا ئېيتسۇن 〉 دەيدۇ. سەن دەرھال سۆزگە كىرىپ سىرىڭنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە بايان قىلغىن، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ غەم ـ غۇسسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشىڭگە ئىشەنچىم بار.»

مەلىكە ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىپتۇ. موماي پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سوراپتۇ:

«ئوغلۇم! نېمىشقا غەمكىن ۋە مالال بولۇپ ئولتۇرىسىز؟ سەۋەب نېمە؟»

«ھەي ئانا، بىۋاپا روزغار جەبرىدىن مالال ۋە غەمكىن بولۇپ قالدىم» دەپتۇ پادىشاھ.

«ھەي بوتام! ـــ دەپتۇ موماي، ـــ ھېچكىم بۇ پەلەكتىن ۋاپا كۆرگەن ئەمەس. خۇددى:

پەلەكتىن سەن ۋاپا ـ مېھرى كۆرەيمەن دەپ ئۈمىد تۇتما،
پەلەك كۆرسەتمىدى مېھىر ـ ۋاپادىن قىلچە ئىنسانغا!

دېگەندەك ئىش، بالام ئەندىشەڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئېيتقىن، ئاناڭ ئۇنىڭغا تەدبىر قىلىدۇ.»

«ھەي مېھرىبان ئانا! ـ دەپتۇ پادىشاھ، ـــ سەندىن يوشۇرىدىغان نېمە سۆزۈم بولسۇن. نى ـ نى مۇشەققەتلەر بىلەن شۇنچە كۆپ پۇل ـ مال خەجلەپ بىر قۇل بالىنى ئەكەلگەنىدىم. ئەمدى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ھازىر ھېچ ھەقىقەتىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، شۇڭا كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق.»

«ئەندىشە قىلمىغىن بالام، كۆڭلۈڭنى خۇش تۇتقىن. مەندە ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بار. ئەگەر

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە بەختىيار شۇنداق دەپتۇ :

« بۇھىيلە ـ مىكىرلەر خوتۇن خەقلەر ئارىسىدا كۆپ پەيدا بولىدۇ . ئۇلار ئۆز پايدىلىرى ئۈچۈن ئاشۇنداق ھىيلە ـ مىكىرلەرنى قىلىشىدۇ . ئۇنىڭغا ئالدىنىش خاتادۇر . پادىشاھىم ، ئەگەر ئىشنىڭ باقار فەررۇخ زادىنى ئۆلتۈرگەن بولسا ئۇنىڭ ئەھۋالى نېمە بولۇپ كېتەتتى ، پۇشايمان پايدا بەرمەيتتى .

پادىشاھقا بۇ سۆزلەر يېقىپ قاپتۇ ، بەختىيارنى ئۆلتۈرمەي زىندانغا سېلىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە : « بۈگۈن كەچ بولدى ، ئەتە سىياسەت قىلايلى ! » دەپتۇ .

سەككىزىنچى كۈنى غەييۇر شاھ دېگەن ۋەزىر پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كەپتۇ ، دۇئا ۋە ماختاشلاردىن كېيىن :

« پادىشاھ — بىر دەرەختۇر . ئۇنىڭ يىلتىزى سىياسەتتۇر . پادىشاھلار ئۈچۈن سىياسەتتىن باشقا ياخشىراق ھېچ نەرسە يوق . ئەگەر سىياسەتتە كەمچىلىك كۆرۈلسە پادىشاھلىق دەرىخى نۇقسان تېپىپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن » دەپتۇ .

« راست ئېيتىسەن ، — دەپتۇ پادىشاھ ، — ۋە بەختىيارنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ . بەختىيار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن جاللاتنى ھازىر قىپتۇ . بەختىيار دۇئا ۋە ماختاشلارغا ئېغىز ئېچىپتۇ :

« پادىشاھلارغا سىياسەت قىلماق ياخشىدۇر . لېكىن بىر ئىشتا ئالدىرىماق ئاخىر پۇشايمان كەلتۈرىدۇ . خۇددى :

ھەممە ئىشلاردا ئالدىرىماقلىق
ئاقىۋەت ئىشنى خاراب قىلۇر .
سەۋر قىلماقتا كۆرسەتمە نۇقسان
سەۋر قىلغىن كىشى ساۋاب قىلۇر .

دېگەندەك ، ئالدىراڭغۇلۇق نادامەت كەلتۈرىدۇ . شۇنىڭ سىگرى ،

قىلىسىز ؟ » دەپ سوراپتۇ .
« جىنىم ! نېمە ئۈچۈن مەندىن بۇ ئەھۋالنى يوشۇردۇڭ ؟ ناھەق قان تۆكۈپتىمەن ئەمەسمۇ ! » دەپتۇ پادىشاھ .
« سىزدىن خىجالەت بولۇپ بۇ سىرنى ئاشكارا قىلالمىدىم ، پادىشاھىم ! » دەپتۇ مەلىكە .
« مەندە ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى بار ئىدى . مەن دۇئانى ئۇخلىغان ۋاقتىڭدا كۆكسۈڭگە قويدۇم ، شۇنىڭ بىلەن بۇ سىرنى ئاشكارا قىلدىڭ » دەپتۇ پادىشاھ .
« ئۇنداق بولغان بولسىمۇ ئەجەب ئەمەس ، — دەپتۇ مەلىكە ، — ئۇخلىغان چېغىمدا ئېيتىپ قويغاندۇرمەن . ئەمدى يوشۇرغىلى بولمايدۇ . مۆھتەرەم كۆڭۈللىرىگە روشەن بولسۇنكى ، ئۇ قول بالا مېنىڭ پەرزەنتىم ئىدى ، ئۆلۈپ كەتتى . ئۇيقۇلۇقتا ئېيتىپ تاشلاپتىمەن ، بىئەدەپلىك بولۇپتۇ ، مەئزۇر تۇتقايلا ، تەقدىرنىڭ قازاسى قانداق بولسا ئۇنىڭغا چارە يوق . لېكىن ئىشىك باقاردىن سوراپ كۆرەيلى ، ئۇنى قەيەردە ئۆلتۈردى ، شۇ يەرگە بىر ئىمارەت بەرپا قىلايلى . »
ئەتىسى پادىشاھ ئىشىك باقاردىن سوراپتۇ : « ھېلىقى قول بالىنى قەيەردە ئۆلتۈردۇڭ ؟ قايسى يەرگە دەپنە قىلدىڭ ؟ ئۇ بىزنىڭ پەرزەنتىمىز ئىكەن . »
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىشىك باقار : « مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىدىم پادىشاھى ئالەم ! فەررۇخ زادە تېخى تىرىك ، مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتىدۇ » دەپتۇ . پادىشاھ ئۇنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ . ئۇ كەلگەندىن كېيىن ھەممىگە ئېلىپ كىرىپتۇ . مەلىكە فەررۇخ زادىنى ساق - سالامەت كۆرگىنىگە خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپتۇ ۋە سەلتەنەت بىساتلىرىدا خۇشال - خۇرام ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ . ئىشىك باقارغا بولسا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتلەرنى قىپتۇ .

بەرگىن .»

«جان بىلەن ئورۇندايمەن» دەپتۇ گۆھەر پۇرۇش.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، خەزىنىدار خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ ئۈنچە ـ مەرۋايىت، گۆھەرلەرنى يىيىپ تاشلاپتۇ. گۆھەر پۇرۇش ئۇلارنى ئىلغاشقا باشلاپتۇ. ئۇ خېلى دانا ھەم مەسلىھەتلىك كىشى بولغاچقا، پادىشاھمۇ ئۇنىڭ بىلەن پات ـ پات سۆھبەتلىشىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممەت ۋە مەرتىۋىسىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشۇرۇپتۇ، ئەمما ئۆيىگە بېرىشقا رۇخسەت سورىسا رۇخسەت بەرمەيدىكەن. بۇ ئىش بىلەن كۆپ ۋاقىتلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۆھەرپۇرۇشنىڭ خوتۇنى ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئۇنىڭ بىرىگە رۇزبە، يەنە بىرىگە بەھرۇز دەپ ئات قويۇپتۇ ۋە شۇ زامان شادلىق بىلەن گۆھەرپۇرۇشقا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يېزىپتۇ:

«بىزگە ئەكرەمىن ۋە رەھىمل راھىمىن ئىككى پەرزەنت ئەرجىمەند ئاتا قىلدى. ئۇلارنىڭ نۇرى جامالىنى كۆرۈپ تاماشا قىلغايسىز، ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق جۇدالىققا سەۋر ـ تاقىتىم قالمىدى. بۇ مەكتۇپ تەگكەن زامان يېتىپ كەلگەيسىز.»

مەكتۇپنىڭ ئاخىرىغا مۇنۇ بېيىتنى يېزىپ قويۇپتۇ:

ناتىۋان جېنىمنىڭ ئۇلپەت مەھرىمى،
دىلىمنىڭ مېھرىبان يارى ـ ھەمدىمى.
سەن مېنىڭ كۆزۈمگە بېغىشلىغان نۇر،
ئەمدى كۆپ ھىجرانىغا تاقىتىم يوقتۇر.

بۇ مەكتۇپنى گۆھەرپۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. گۆھەرپۇرۇش مەكتۇپنى كۆرۈپ ھەددىدىن ئارتۇق شاد ـ خۇرام بولۇپ،

گۆھەر پۇرۇش غوجا ئالدىرىندى، ئاخىر رەنج بالاغا مۇپتىلا بولدى.»

«ئۇقانداق ھېكايە ئىكەن، سۆزلە!» دەپتۇ پادىشاھ.

بەختىيار ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

## گۆھەر پۇرۇش

تارىخ سەھىپىلىرىدە شۇنداق كەلتۈرۈپتۇكى، بىر گۆھەر پۇرۇش ئادەم بارئىكەن، ئۇنىڭ خوتۇنى ھامىلدار ئىكەن. بىر كۈنى گۆھەر پۇرۇشنى پادىشاھ غەزىنىمدىكى جاۋاھىر ۋە مەرۋايىتلارنىڭ ئەڭ قىممەت باھالىق ۋە ياخشىلىرىنى ئايرىپ چىقسۇن دەپ چاقىرتىپتۇ. گۆھەرپۇرۇش ماڭار چاغدا خوتۇنىغا شۇنداق دەپتۇ: «مەن پادىشاھ قېشىغا كىرىمەن، مېنى قايتقۇزماي قويۇشى مۇمكىن. ماڭا دۇئايى خەير قىلىپ تۇرغىن. ساڭا ۋەسىيىتىم شۇكى، ئەگەر خۇدايىتائاللا ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئېتىنى روزبە قويغىن ئەگەر قىز تۇغۇلسا، ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆزۈڭ نېمە قويساڭ قويۇۋەرگىن.»

شۇنداق دەپ تاپىلاپ قويۇپ، يولغا چىقىپ، پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىپتۇ، ئۇ دېگەن پەيتتە يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھقا يېقىپ قاپتۇ. شۇڭا: «گۆھەر پۇرۇشنى ياخشى ئىززەت قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ خادىملىرى گۆھەرپۇرۇشنى پادىشاھنىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق ھۆرمەتلەپ ناھايىتى خۇرسەن قىلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

«ئۇستام، سەن كۆڭۈل قويۇپ، بىزنىڭ دۇر - گۆھەرلىرىمىزنىڭ قىممەت باھا ۋە خەزىنىگە لايىقلىرىنى ئاجرىتىپ

ئادەم ئەۋەتسەڭ، پەرزەنتلىرىڭنى بۇ يەرگە ئەكەلسە، ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئەركىلىتەتتىم» دەپتۇ پادىشاھ.

«گۆھەر پۇرۇش ياق دېيىشكە جۇرئەت قىلالماپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ باللىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ماڭغۇزۇپتۇ. بارغان كىشى باللارغا ئاتىسىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ. شۇئان پەرزەنتلەر يول جابدۇقى قىلىپ ئاتىسى تەرەپكە راۋان بوپتۇ. باللىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ئالدىرىغان گۆھەرپۇرۇش پادىشاھتىن ئىجازەت سورىمايلا، يول جابدۇقىنى تەييارلاپ، بىر كېچىدىلا بۇ تەرەپتىن يولغا چىقىپتۇ. پەرزەنتلىرى يېتىپ كەلگەن يۇرتقا ئىككى چاقىرىم يول قالغانىكەن، بارغان ئەلچى يولدا ئۇچراپتۇ ۋە «پەرزەنتلىرىڭىزنى كەلتۇردۇم» دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. گۆھەر پۇرۇش خۇشاللىق بىلەن ئالدىراپ - تېنەپ مېڭىپتۇ. يولدا بىر ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ سەللىسىنى قاشقا قويۇپ ئولتۇرۇپ، تاھارەت ئاپتۇ ۋە سەللىسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ يولغا مېڭىپ كېتىپتۇ، ناماز ئوقۇي دەپ قارىسا سەللىسىنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن، سەللىسنى ئىزدەپ تاھارەت ئالغان يەرگە يېنىپ كەپتۇ. ھەرقانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماي تەرەپ - تەرەپنى ئىزدەپتۇ. تۇيۇقسىز يىراقتىن شۇ يەردە ئويناۋاتقان ئىككى گۆدەكنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

«ھەي ئوغلانلار، بۇ يەردە مېنىڭ سەللەم ئۇنتۇلۇپ قالغانىكەن، كۆردۈڭلارمۇ؟»

«سىز بىزنى ئوغرى تۇتۇۋاتامسىز؟» دەپتۇ گۆدەكلەر.

«بۇ يەردە سىلەردىن باشقا ئادەم يوق تۇرسا، سەللەمنى سىلەر ئالغان بولساڭلار كېرەك.»

«ساراڭمۇ سەن؟ — دەپتۇ گۆدەكلەر، — بىزگە نېمە دەپ تۆھمەت قىلىسەن، خۇدايىتائاللادىن قورقماسەن!»

خۇدايىتائاللاغا شۈكۈرلەرنى قىپتۇ ۋە بىتاقەت بولۇپ، پادىشاھقا ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى كۆرسىتىپ، رۇخسەت سورىغان بولسىمۇ پادىشاھ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەپتۇ!

«سەن بۇ يىلچە مۇشۇ يەردە تۇرغىن، بىزگە بۇ يىل ناھايىتى كۆپ جاۋاھىرلار كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى ۋە ناچارلىرىنى بىر - بىردىن ئايرىيسەن. مەن بۇ يەردىن ئادەم بىلەن گۆھەرپۇرۇش نائىلاج «خوپ» دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ يۇرتىغا دەرھال ئادەم ئەۋەتىپتۇ. گۆھەرپۇرۇشنىڭ خوتۇنى ھىجران ئەلىمىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغانىكەن، كەلگەن كىشىنى «ئۆزرەم بار، بارالمايمەن، باللىرىم كېسەل، ئۇلار ياخشى بولسا بارارمىز» دەپ ياندۇرۇپتۇ ئەكەلسۇن» دەپ ياندۇرۇپتۇ. شۇنىڭ

بارغان كىشى نائۈمىد بولۇپ قايتىپ كېلىپ گۆھەرپۇرۇشقا: «پەرزەنتلىرىڭىز ئاغرىق ئىكەن، شۇڭا كېلەلمەيدىكەن. ئەمما ساقايغاندا ئۆزلىرى كېلىدىغان بولدى!» دەپتۇ.

گۆھەرپۇرۇش كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كېچە - كۈندۈز يىغلايدىكەن. بۇ ئارىدا نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. گۆھەر پۇرۇشنىڭ ئوغۇللىرى خەت يېزىشنى ئۆگىنىپتۇ. ئۆز قولى بىلەن ياخشى ئىبارەتلەر بىلەن تەرتىپ بويىچە ئاتىسىغا مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. گۆھەرپۇرۇش ئۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ، سەۋر - تاقەت قىلالماي قاپتۇ - دە، يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلگەن مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىپ شۇنداق دەپتۇ: «پادىشاھى ئالەم! ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، مېنىڭ ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق سەۋر - تاقىتىم قالمىدى.»

«مەن سەن بىلەن ئۈلپەت بولۇپ قاپتىمەن. ئىلاجى بولسا

« سىزگە نېمە بولدى ؟ » دەپ سوراپتۇ خوتۇنى .

« مەن سەللەمنى كۆپ گۆھەرلەر بىلەن ئۇنتۇپ قالغانىدىم . ئىزدەپ يۈرسەم ، سۇ بويىدا ئىككى گۆدەك بالا ئۇچرىدى ، ئۇلاردىن سەللەمنى سورىسام ، تۈزۈك جاۋاب بەرمەي ماڭا قاتتىق گەپ قىلدى ، ئاچچىقىم كېلىپ ئۇلارنى سۇغا ئىتتىرىۋەتكەنىدىم ! » دەپتۇ گۆھەر پۇرۇش .

خوتۇنى « بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشكەن نېمە كۈندۇ » دەپ نالە ـ پەرياد قىپتۇ .

گۆھەر پۇرۇش يۈزمىڭ پۇشايمان ۋە ھەسرەت نادامەتلەرنى قىلىپتۇ ، خۇشاللىقلىرى خاپىلىققا ئايلىنىپتۇ ۋە يىغلاپ يولغا چۈشۈپتۇ .

« ئەمدى مال ـ دۇنيانى نېمە قىلاي خوتۇن ! ـــ دەپتۇ گۆھەر پۇرۇش ، ـــ پەرزەنتلىرىمدىن ئايرىلدىم ، خۇشاللىق ئورنىغا خاپىلىق يۈزلەندى . بۇ يەردە تۇرساق پادىشاھ بىزنى كەتكۈزمەيدۇ . جۇر ، ئەمدى باشقا بىر يۇرتقا كېتەيلى . »

« ياخشى دېدىڭىز ، شۇنداق قىلايلى » دەپتۇ خوتۇنى ۋە كۆڭلى غەمكىن ھالدا يولغا چۈشۈپ ، بىرنەچچە كۈندە بىر يۇرتقا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە بىر كۆكلەمزارغا بېرىپ چۈشۈپتۇ . ئەمما كېچە ـ كۈندۈز بالىلىرىنىڭ پىراقىدا زار ـ زار يىغلايدىكەن ۋە خۇداغا نالە ـ زار قىلىدىكەن .

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ .

خۇدايىتائاللا ئۇ ئىككى نارەسىدىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئامان ساقلاپتۇ . بالىلاردىن بىرىنى سۇ چايقىلىپ قىرغاققا چىقىرىپ تاشلاپتۇ . ئۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى شىكارغا چىققانىكەن ، يۈزى ئايدەك تاۋلىنىپ تۇرغان بىر ئوغۇلنى كۆرۈپتۇ . پادىشاھ « ئېلىپ كېلىڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ . قارىسا بىر ساھىبجامال بالا ئىكەن .

گـۆھەر پـۇرۇش سەللىسىنىڭ ئىچ پۇشۇقىدا گۆدەكلەرنىڭ سۆزىـگـە ئاچچـىقـى كـېلىپ ، ئۇلارنى سۇغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ . سۇ ئۇلارنى بىر تەرەپكە ئاققۇزۇپ كېتىپتۇ .

گـۆھەر پـۇرۇشنىڭ خوتۇنى پەرزەنتلىرىنىڭ تەخىر بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنى « ھەي ، رۇزبە ! ھەي بەھرۇز ! نەدە سـىـلەر باللىرىم ! » دەپ تووۋلاپتىكەن ، گۆھەر پۇرۇش بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تـاڭ بـولـۇپ ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە مېڭىپتۇ . يېقىن بـېرىـپ قارىسا چاقىرغان ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەن . گۆھەر پۇرۇش خوتۇنىدىن سوراپتۇ : « سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن ؟ »

« بۇ يـەرگـە سـەھەر كـېلـىـپ چۈشكەنىدۇق سىز قاچان كەلدىڭىز ؟ » دەپتۇ خوتۇنى .

« يـولـغـا چـىـقـقـىـنـىڭلارنى ئاڭلاپ ، ئالدىراپ ئالدىڭلارغا چـىـقـقـانـىـدىم ، ـــ دەپتۇ گۆھەر پۇرۇش ، ـــ لېكىن سۇ ياقىسىدا تاھارەت ئالغىلى ئولتۇرۇپ سەللەمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . سەللەمنىڭ ئارىـسـىـدا گـۆھەرلەر كۆپ ئىدى . مەن شۇنى ئىزدەپ كەلسەم ، بۇ يـەردە سـەن بـىـلـەن ئۇچراشـتـىـم . يـاخشى كەلدىڭلارمۇ ، جاپا تارتىمىغانسىلەر ؟ »

« خۇداغـا شۈكۈر ، سالامەت كەلدۇق ، خۇدايىتائاللا بىزگە ئـىـكـكى ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى ، ـــ دەپتۇ خوتۇنى ، ـــ بىرىگە رۇزبـە ، يـەنە بىرىگە بەھرۇز دەپ ئات قويدۇم . ناماز پېشىن ۋاقتىدا ئۇلار سـۇنـىـڭ ياقىسىغا ئويىنىغىلى كەتكەنىدى . كۈچ كەچ كىرىـپ قـالـدى ، تـېـخـىـچە يېنىپ كەلمىدى ، كۆڭلۈم ئەنسىرەپ ، ئۇلارنى چاقىرىپ چىقىپ ، سىزگە ئۇچراپ قالدىم . »

گـۆھەر پـۇرۇش بـۇ سـۆزنـى ئاڭلاپ بـىـر نـەرە تـارتـىـپلا ھوشـىـدىـن كـېـتـىـپتۇ . خوتۇنى سۇ سېپىپ يۈرۈپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ .

سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ پەرزەنتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ :
« غوجام ! ھەزرىتى ھەق سۇبھاناللانىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىلىڭ ، مانا بىزنىڭ پەرزەنتىمىزنى ئۆز قۇدرىتى ۋە مەرھەمىتى بىلەن بىزگە يەتكۈزدى » دەپ خۇدايىتائالاغا شۈكۈرلەرنى ئېيتىپتۇ ۋە ئېرىگە « قايسى كۈنى سىز سۇغا ئىتتىرىۋەتكەن ئىككى گۆدەكنىڭ بىرى مۇشۇ » دەپتۇ . گۆھەر پۇرۇشمۇ خۇشاللىقىدا كۆزىگە ياش ئېلىپ ، پەرزەنتىنى قۇچىقىغا ئاپتۇ . ئوغلىنىڭ دىدارىغا تويماي قاراپتۇ . ئەمما گۆھەر پۇرۇش رۇزبەنى داۋاملىق ئەسلەيدىكەن ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە « خۇدا ئۇنىمۇ يەتكۈزسە ئىدى » دەپ تىلەيدىكەن .

شۇنىڭدىن تارتىپ گۆھەر پۇرۇش ئوغلىغا گۆھەرشۇناسلىقتىن تەلىم بېرىپتۇ . ئوغلى بەھرۇزمۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ ھۈنەرگە ئۇستا بولۇپ يېتىشىپتۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن گۆھەر پۇرۇش ئوغلىغا : « ئوغلۇم : پالانى دىيارغا بارساڭ ، شۇ دىيارنىڭ پادىشاھى خېلى مىجەزى تۈزۈك ۋە غېرىبپەرۋەر دەپ ئاڭلىدىم . مېنىڭ مەسلىھەتىم : بارغاندا بىر قىسىم گۆھەرلەرنى ئېلىپ بارغىن ، گۆھەرپۇرۇشلۇق ۋە گۆھەرشۇناسلىقىڭنى بىر كۆرسەتسەڭ ئۇنىڭ مەرھەمەت نەزىرى ساڭا چۈشسە ، ساڭا ئىلتىپات قىلسا ، كەسىپ ـ ئوقىتىڭ ئۈچۈن سەرمايە ھاسىل بولىدۇ ! » دەپتۇ .

« ماقۇل ، شۇنداق قىلاي » دەپ بەھرۇز دەرھال سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ ۋە ئالدىرىماي يول مېڭىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىر يۇرتقا يېتىپ بېرىپتۇ . ئۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى بەھرۇزنىڭ ئاكىسى رۇزبە ئىكەن . ئەمما ئۇلار بىر ـ بىرىنى تونۇماپتۇ . بەھرۇز پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ كۆرۈشۈپتۇ . پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا

لېكىن سۇنىڭ قورقۇنچىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىكەن. «ھەي بالا بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن» دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

«بىز ئاكا ـ ئۇكا ئىدۇق، ئىككىلەن سۇ ياقىسىدا ئويناپ يۈرەتتۇق. تۇيۇقسىز بىر كىشى كەلدى. بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغانىكەن، بىزدىن سورىدى، ئۇنى سىلەر ئاپسىلەر دەپ ئاچچىقلىنىپ بىزنى سۇغا تاشلىۋەتتى» دەپتۇ گۆدەك.

پادىشاھ ئۇنىڭغا رەھىم كېلىپ سوراپتۇ:

«ئېتىڭ نېمە؟»

«ئېتىم رۇزبە.»

«مېنىڭ پەرزەنتىم يوق ئىدى، سېنى بالا قىلىۋالاي» دەپتۇ شاھ ۋە رۇزبەنى ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنى پەرزەنتى ھېسابىدا تەربىيىلەپتۇ. رۇزبەمۇ ئەدەپلىك بالا ئىكەن. پادىشاھنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە خىزمىتىنى دەل جايىدا بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھلىق تەختىنى رۇزبەگە مۇناسىپ كۆرۈپتۇ. رۇزبە شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. پۈتۈن يۇرت ئەھلى ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ. رۇزبە خەلقپەرۋەر، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپتۇ.

ئەمدى سۆزنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ.

بەھرۇزنى سۇ باشقا تەرەپكە ئاققۇزۇپ كەتكەنىكەن. ئۇنى دەريا لېۋىگە چىققانغا بىر توپ ئوغرىلار تېپىۋاپتۇ ۋە ساتقىلى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئاسادىپەن گۆھەرپۇرۇشمۇ بىر قول سېتىۋالماقچى بولۇپ، بازارغا بارغانىكەن بەھرۇزنى كۆرۈپ ئۇنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ ۋە باھاسىغا چىقىپ سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئانا ئۆز پەرزەنتىنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. بىر

خۇدادىن قورقماسەن ؟ »

« سىلەر خاتا ئويلاپسىلەر ، مەنمۇ خۇددى سىلەردەك پادىشاھنى قوغداۋاتىمەن ! » دەپتۇ بەھرۇز .

« ئەگەر بىز كەلمىسەك ، پادىشاھىمىزنى ئۆلتۈرىدىكەنسەن ــ دە ! » دەپتۇ غۇلاملار .

پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپتۇ .

ئۇلار پادىشاھقا : « ئى پادىشاھى ئالەم ! سىلىگە بەھرۇز قەست قىلىپ تۇرغانىكەن ، بىز كەلمىگەن بولساق ئۆلتۈرىدىكەن » دەپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ بەھرۇزغا سىياسەت قىپتۇ . بۇنى كۆرگەن ۋەزىر : « بۇ ئىشتا ئالدىرىماسلىق كېرەك ، گۇناھىنىڭ بار ـ يوقلۇقى مەلۇم بولسۇن » دەپتۇ . شۇڭا پادىشاھ ئۇنى زىندانغا بۇيرۇپتۇ . دۆلەت ئەركانلىرى : « ئىسيانىنى باستۇرغىلى كەتكەن لەشكەرلىرىمىز كۆپ بولسىمۇ ، پادىشاھىمىز ھېچقانداق غەيرەت ـ شىجائەت قىلمىدى ، شۇڭا يېڭەلمىدۇق . چۈنكى ھەممە غەلىبە ۋە يېڭىش پادىشاھنىڭ قەدەم جۈرئەت قىلىشىدا بولسا كېرەك » دېيىشىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ لەشكەرلەر بىلەن بىللە يۇرۇشكە چىقىپتۇ . ھەممە لەشكەرلەر خۇشال بولۇشۇپتۇ . ئەتىسى ئىسيانچىلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇلارنى قاچۇرۇپتۇ . پادىشاھ غەلىبە بىلەن ئوردىسىغا يېنىپ كەپتۇ ۋە شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولۇپ بەھرۇزنى ئۇنتۇپ قاپتۇ . گۆھەر يۇرۇش بىلەن خوتۇنى بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەن . شۇڭا نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن بەھرۇزغا مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ . ئۇ مەكتۇپ پادىشاھقا كېلىپ تېگىپتۇ . پادىشاھ جاۋاب مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ : « پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئىدى ، ئەمما يامان كۆز تېگىپ مېھنەت زىندانىغا مۇپتىلا بولدى ، ھېچ چارە تېپىلماي قالدى . »

كۆزى چۈشكەندىن كېيىن كۆڭلىدە تۇغقانلىق مېھرى قوزغىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، چاقچاق بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىنى سوراپتۇ.

«ئەسلىم جاۋاھىر پۇرۇش ئىدى» دەپ، بەھرۇز ئەكەلگەن گۆھەرلىرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھقا ئۇنىڭ ئەدەپ - سۆلكەتلىرى يېقىپ قاپتۇ، گۆھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى شاھانە قىممەت باھا بىلەن سېتىۋاپتۇ. بەھرۇز بەكمۇ خۇشال بوپتۇ.

«مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ قالامسەن» دەپ سوراپتۇ شاھ بەھرۇزدىن.

«ياخشى، بولىدۇ» دەپتۇ بەھرۇز ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ كېچە - كۈندۈز شاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا كۈندىن - كۈنگە مېھرى ئېشىۋېرىپتۇ. شۇڭا شاھ ئۇنى ئىززەتلەيدىكەن.

كۈتۈلمىگەندە يۇرتنىڭ بىر تەرىپىدىن ئىسيان كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتىپتۇ. ئۆزى بولسا ئولتۇرۇش ھازىرلاپ شارابلارنى ئىچىپ بەھرۇزنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ مەست بولۇپ قاپتۇ. خىزمەتكار، غۇلام ۋە ئىشىك باقارلارمۇ زىيادە تىتىن بەھرىمەن بولۇپ، شاراب ئىچىشىپ تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەنىكەن. پادىشاھ مەستلىكتە يېتىپ قاپتۇ. بەھرۇز بولسا مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن قولىغا قىلىچ ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا پاسىبانلىق قىپتۇ. تاڭ ئاتقان چاغدا، غۇلام، خىزمەتكارلار كېلىپ قارىسا پادىشاھ ياتقان، بەھرۇز قولىغا تىغ ئېلىپ پادىشاھنىڭ بېشىدا تۇرغان. غۇلاملار ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

«ھەي نانكور، پادىشاھقا نېمە ئۈچۈن قەست قىلىسەن؟

بەختنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:
«ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن پادىشاھى ئالەم! ھېلىقى ۋەقە پۈتۈن ئالەمگە شايە بوپتۇ. ئۇ مۇتىھەمنى بىر تەرەپ قىلىش لازىم ئىدى.» پادىشاھ بەختىيارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ. بەختىيار شۇنداق دەپتۇ: «ماگا يەنە بىر كۈن ئامانلىق بەرسىلە پادىشاھى ئالەم. قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇق ئاشكارا بولىدۇ. جاپا كېچىسىدىن راھەت سەھىرى كۆرۈنىدۇ. تەقدىر ئىلاھىغا چارە يوقتۇر. بۇ بىر توپ كىشىلەر ماگا دۈشمەن. ئۇلار ماگا ھەسەت قىلىشىدۇ. مەنمۇ ئەبۇئامغا ئوخشاش بىگۇناھ بولسامۇ، ھەسەت تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىمەنمىكىن دەپ قورقىمەن.»

«ئۇ قانداق ھېكايە؟ سۆزلە!» دەپتۇ پادىشاھ.

بەختىيار سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

## ئەبۇئام

تارىخ سەھىپىلىرىدە بۇنداق يېزىلىپتۇكى، بۇرۇنقى زاماندا، كاتتا ھەشەمەتلىك، مال ۋە نېمەتلىرى مول بولغان بىر شەھەر بار ئىكەن، ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى زالىم ئىكەن. ھەركىمنىڭ ئۇن پۇلى بارلىقىنى بىلىپ قالسا، زۇلۇم بىلەن بىر پۇلىنىمۇ قويماي تارتىۋالىدىكەن. شۇ شەھەردە ئەبۇئام دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن. ئەبۇئام ئۇ زالىم پادىشاھتىن قورقۇپ، دەككە ـ دۈككىدە تويغۇدەك تاماقمۇ يېيەلمەيدىكەن. پادىشاھنىڭ زۇلمى جېنىغا تەگكەنلىكتىن، قېچىپ كېتىشكە پەيت ئىزدەيدىكەن. بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ ھەممە مال ـ مۈلكىنى يىغىشتۇرۇپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. بىر

بۇنى ئاڭلىغان ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن پەرزەنتنىڭ تەرىپىگە قاراپ راۋان بوپتۇ ـ دە ، شۇ يۇرتقا يېتىپ بېرىپ ، دەرھال پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ دۇئاغا تىل ئېچىپتۇ .

« ئەي غوجا نەدىن بولىسىز ، قايسى يۇرتتىن كېلىسىز ؟ نېمە ئەرزىڭىز بار ؟ » دەپ سوراپتۇ پادىشاھ .

« مەن گۆھەر پۇرۇش ئىدىم . بىر پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە بارغانىدىم . مېنىڭ ئىككى پەرزەنتىم بار ئىدى » دەپ ھەممە ئەھۋالنى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە بايان قىپتۇ گۆھەرپۇرۇش .

پادىشاھ بۇ قىسسەلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپتۇ ۋە :

« سىز مېنىڭ ئاتام ئىكەنسىز ، بۇ زەئىپە مېنىڭ ئانام ئىكەن . زىنداندىكىسى مېنىڭ ئۇكام ئىكەن ، بىلمەپتىمەن » دەپتۇ ـ دە ، دەرھال بەھرۇزنى زىنداندىن چىقىرىپ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ . پۈتۈن ئالەم ئەھلى ھەيران ـ ھەس قاپتۇ . پادىشاھ ئاتا ـ ئانىسى ، ئۇكىسىغا شاھانە لىباسلارنى كىيدۈرۈپ ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ھەرىمىگە ئېلىپ كىرىپتۇ ۋە بىر ـ بىرىگە ھال ـ ئەھۋاللىرىنى ئېيتىشىپ قۇچاقلىشىپ سۆزلىشىپتۇ .

سۆز شۇ يەرگە يەتكەندە بەختىيار شۇنداق دەپتۇ :

« مانا پادىشاھىم ! گۆھەرپۇرۇش ئالدىرىمىغان بولسا مۇنچىلىك كۆلپەتلەرنى تارتمىغان بولاتتى . ئەگەر پادىشاھىم مېنى سىياسەت قىلىشقا ئالدىرىسىلا پات پۇرسەت ، يېقىن مۇددەتتە ، مېنىڭ بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولسا ، ئۇ چاغدا پۇشايمان ۋە ھەسرەت ـ نادامەت پايدا قىلمايدۇ . »

پادىشاھ ئازادە بەختكە بۇ سۆزلەر ماقۇل كېلىپ « ئەتە سىياسەت قىلايلى » دەپ بەختىيارنى يەنە زىندانغا بۇيرۇپتۇ .

توققۇزىنچى كۈنى دۆلەت شاھ دېگەن ۋەزىر پادىشاھ ئازادە

شۇكى، پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالى قاۋۇلۇقىنى تەرىپ قىلىشىمىز كېرەك. پادىشاھ ئۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بىزدىن بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى سورايدۇ. شۇ چاغدا بىز ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتەيلى، بۇ ئىشنى ئەبۇئام ئورۇندىيالايدۇ، دەيلى. بۇ سۆز پادىشاھقا ماقۇل كەلسە، ئەبۇئام خاقانى چىن قېشىغا بارغاندىن كېيىن، بۇ جايغا قايتىپ كېلەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەبۇئامدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى شۇ.

قالغان ۋەزىرلەر بۇ سۆزگە قوشۇلۇپتۇ. ئاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. ھەممىسى: «خاقانى چىننىڭ بىر قىزى بارمىش، ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەسمىش، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى شۇنداق كېلىشكەن ئىكەنكى، ئالەمدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقمىش» دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۇ قىزغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە «بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى قىلىڭلار» دەپتۇ. «ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىش كېرەك، ـــ دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر، ـــ ئەلچىلىككە ئەبۇئامدەك كىشىلا لايىق ۋە مۇناسىپ كېلىدۇ.»

پادىشاھ بۇيرۇپتۇ، دەرھال ئەبۇئامنى ھازىر قىلىشىپتۇ. «سىزنى خاقانى چىنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىمەن، قىزىنى ماڭا خوتۇنلۇققا بەرسۇن» دەپتۇ پادىشاھ.

ئەبۇئام قوبۇل قىلىپ پادىشاھنىڭ قېشىدىن چىقىپ، يول جابدۇقىنى قىلىپ چىن تەرىپىگە راۋان بوپتۇ. نەچچە كۈنلەردىن كېيىن، چىن دىيارىغا يېتىپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە ئەدەپ ـ ھۆرمەت شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، شۇنداق دەپتۇ:

«ھەي خاقان ئالىيلىرى! ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، مەن قىزلىرىغا سۆرچى بولۇپ كەلدىم، پادىشاھىمىز جانابلىرىغا

نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ . بۇ نازۇ — نېمەتلىرى مول ، ھاۋاسى يېقىملىق ، پادىشاھى ئادىل ۋە خەلقى پازىل بىر شەھەر ئىكەن . ئەبۇئام شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ . ئاز ۋاقىتتىنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە ساراي ۋە مەسچىتلەرنى بىنا قىلىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىق ۋە سېخىيلىقتا داڭقى چىقىپ كېتىپتۇ . شەھەرنىڭ پادىشاھىغا « بىزنىڭ شەھىرىمىزگە بىر مەرد مۇساپىر كېلىپ ، نۇرغۇن ياخشى جايلارنى بەرپا قىلىپتۇ » دېگەن خەۋەر يېتىپتۇ ، پادىشاھ دەرھال ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ . ئەبۇئام پادىشاھنىڭ ئالدىغا ياخشى تۆھپىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ ؛ پادىشاھنى ماختاپتۇ ؛ ئەدەپ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ . ئۇنىڭ خۇي - پەيلى پادىشاھقا يېقىپ قاپتۇ ، شۇڭا پادىشاھ ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەت قىلىپتۇ . « ھەي ئەبۇئام ! ھەر كۈنى مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىن ، سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ! » دەپتۇ پادىشاھ . « قۇللۇق » دەپتۇ ئەبۇئام ۋە پادىشاھنىڭ قېشىدىن خۇشال - خۇرام قايتىپ چىقىپتۇ . ھەر كۈنى پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىدىغان بولۇپتۇ . پادىشاھ ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەت قىلىۋېرىپتۇ . ئاخىر ئۇ پادىشاھقا يېقىن بولۇپ قاپتۇ . پادىشاھ ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭدىن تەدبىر سوراپ قىلىدىغان بوپتۇ . ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندە ، ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشىپتۇ ، ئۇ پادىشاھنىڭ ئون ۋەزىرى بار ئىكەن ، بىر كۈنى ھەممە ۋەزىرلەر بىر ئۆيگە كىرىپ مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە قەسەم ئىچىشىپتۇ . شۇ جايدا باش ۋەزىر شۇنداق قارار قىپتۇ :

« بۇرادەرلەر ! پادىشاھىمىز چوڭ پادىشاھ ، لېكىن خوتۇنپەرەس ، مەن : خاقانى چىننىڭ بىر قىزى بارمىش ، قىزنى كىشىگە بەرمەسمىش ، ئۇ قىزغا ھەر تەرەپتىن ئەلچى كەلسە ، ئۇ ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرەرمىش ، دەپ ئاڭلىغانىدىم . مېنىڭ مەسلىھەتىم

«ئۆزلىرىدىن قانداق پەرمان بولسا شۇنداق قىلىمەن» دەپ ئەدەپ بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپتۇ ئەبۇئام. خاقانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن توي جابدۇقلىرى تەييارلانغاندىن كېيىن قول ۋە كېنىزەكلەر بىلەن ئاتلاندۇرۇپ، تۆگىلەرگە قىممەت باھا بىساتلارنى يۈكلەپ، پادىشاھلارغا قانداق نەرسە مۇناسىپ بولسا، شۇنى قوشۇپ، ئەبۇئام بىلەن بىللە يولغا ساپتۇ. ئەبۇئامنىڭ خوش خەۋىرى پادىشاھقا يېتىپ بوپتۇ. لېكىن ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى غەمكىن بولۇشۇپتۇ. پادىشاھ شەھەرنى ناھايىتى چىرايلىق جابدۇپ، ئەبۇئامنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە ئۇنى مەلىكە بىلەن بىللە شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۆلىما ۋە پازىل كىشىلەرنى چاقىرىپ، شەرىئەت قانۇنى بويىچە مەلىكىنى نىكاھىغا ئاپتۇ، ئاندىن كېيىن شاھانە توي قىلىپتۇ. ئەبۇئام پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا تېخىمۇ ئىززەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ باشقا ۋەزىرلىرى بۇ ۋەقەدىن خاپا بولۇپ، كىنە تۇتۇپ، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشىپتۇ. «بىز ئەبۇئامغا يامانلىق تىلىسەك، ئەكسىچە ئۇنىڭ دۆلىتى تېخىمۇ زىيادە بولدى. ئەمدى بىزنىڭ ئەھۋالىمىز يامان بولدى» دەپ ئىچلىرى ئاداپتۇ ۋە يەنە بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، بىر ھىيلە ـ مىكىر تېپىپتۇ: «پادىشاھنىڭ تۆت مەھرىمى بار، ئۇلار ھەر كېچىسى پادىشاھنىڭ بېشىدا پاسىبانلىق قىلىدۇ، ئۇلار گاداي قۇللار. بىز ئۇلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرەيلى. پادىشاھ ياتقاندا سىلەر پادىشاھقا ئەبۇئام تۈزكورلۇق قىلدى، پادىشاھنى كۆزگە ئىلمايدۇ، پادىشاھنىڭ ھەرەمگە يامان نىيەت بىلەن خىيانەت قىلىدۇ، بۇ قىز ماڭا ئاشىق بولمىغان بولسا چىندىن بۇ يەرگە كەلمەيتتى دەۋاتىدۇ دەڭلار دېسەك، ئەبۇئامنىڭ مىڭ جېنى بولسىمۇ بىرى قۇتۇلمايدۇ» دېيىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ھەممە ۋەزىرلەر قۇللارغا گەپ ئۆگىتىپتۇ،

كۈيئۇغۇل بولۇشىنى خالايدۇ، بۇنى قىزلىرى ئۇچۇن دۆلەت-سائادەت دەپ بىلىمەن.»

خاقانى چىن: «بۇ ئىش قىزىمنىڭ خاھىشىغا باغلىق، ھەرەمگە كىرىپ، قىزىم بىلەن كۆرۈشكىن ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆز قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلىغىن» دەپتۇ. ئەبۇئىام ئەقىللىق ھەم دانا كىشى ئىكەن. شۇڭا:

«مەن بۇنداق بىئەدەپلىك قىلمايمەن، پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە كىرمەيمەن، مەندىن بۇنداق ئىش سادىر بولمايدۇ. ئەگەر مەلىكە پادىشاھقا تەگكىلى ئۇنىمايدىغان بولسا، بۇنداق ئىلھامى ئىلاھى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە چۈشمىگەن بولاتتى» دەپتۇ-دە، سۆزىنى تامام قىپتۇ.

«ھەي، ئەبۇئىام! شۇ سائەتتە سىنى ئۆلتۈرەي دىگەنىدىم، ئەمما ساڭا ئىقبال يار بولدى، مىنىڭ قىلىچىمدىن قۇتۇلغانلىقىڭغا خۇشال بولغىن. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، نى-نى پادىشاھلاردىن ئەلچىلەر كەلسە، مىنىڭ سۆزۇم بىلەن ھەرەمگە كىرەتتى ۋە مەن مۇشۇ تەدبىر بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرەتتىم. ھازىرغىچە شۇ يوسۇندا ۋە شۇ باھانە بىلەن 400 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى بۇ ئۆي ئىچىدە ساقلاپ قويدۇم،— دەپ خاقان بىر ئىشىكنى ئېچىپ ئەبۇئامنى باشلاپ كىرىپ كېسىلگەن باشلارنى كۆرسىتىپتۇ،— بۇ ئالەمدە ئەدەپلىك ئادەمدىن شۇ چاغقىچە يالغۇز سىنى كۆردۇم. شۇڭا پادىشاھلار ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ساڭا مەلۇم قىلدىم». ئاندىن كېيىن خاقانى چىن«توي جابدۇقلىرىنى تەييارلاڭلار،— دەپ بۇيرۇپتۇ ۋە ئەبۇئامغا،— بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، توي جابدۇقلىرى تەييار قىلىنغاندىن كېيىن مەلىكىنى ئېلىپ پادىشاھىڭ قېشىغا يانغىن!» دەپتۇ.

بولاتتى ! » دەۋېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپتۇ ۋە ئوردىسىغا يېتىپ كىرىپ، ئۇ قۇللارنى چاقىرىپ « راستىڭلارنى ئېيتىڭلار، نېمىگە ئاداۋەت قىلدىڭلار؟ » دەپ سوراپتۇ. قۇللار راستىنى ئېيتىشتىن باشقا چارە تاپالماي، راستىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇلاردىن بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ غەمكىن بولۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە ئەتىسى ۋەزىرلەرنى چاقىرتىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئەبۇئامىنى ئۆلتۈرگىنىگە كۆپ پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ پۇشايمان ھېچ پايدا بەرمەپتۇ.

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بەختىيار شۇنداق دەپتۇ:

« ئەگەر پادىشاھىم مېنى ئۆلتۈرسىلە خۇددى ئەبۇئامىغا ئوخشاش مېنىڭ گۇناھسىزلىقىم مەلۇم بولسا، ئۇ چاغدا ھەسرەت - نادامەت پايدا بەرمەيدۇ. »

پادىشاھ ئازادە بەختكە بۇ سۆزلەر ناھايىتىمۇ ماقۇل كەپتۇ ۋە « بۈگۈن كەچ بولدى، ئەتە سىياسەت قىلايلى » دەپ بەختىيارنى يەنە زىندانغا بۇيرۇپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر « بۇ ۋەقەنى مەن مەلىكىدىن سوراپ باقاي » دەپ ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئىجازەت بېرىپتۇ. ۋەزىر مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ:

« ھەي مەلىكە! بۇ گۇناھ سىنىڭ بېشىڭدا. ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق نومۇس ۋە سەۋر - تاقەت قالمىدى، بۇ نېمىدېگەن گەپ، پۈتۈن خەلقنىڭ ئاغزىدا سەن بەتنامغا قالدىڭ، سەن نېمە ئۈچۈن پادىشاھقا ئېيتىپ بەختىيارغا سىياسەت قىلدۇرمايسەن؟ » دەپتۇ ۋەزىر.

« بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ مەلىكە، — نېمە ئۈچۈن ماڭا تۆھمەت قىلىسەن؟ مەن خۇدايىتائالادىن قورقىمەن. »

ئازراق ئالتۇنمۇ بېرىپتۇ . ئۇ قۇللار پادىشاھ ياتقان ۋاقىتدا ، ۋەزىرلەر ئۆگـەتـكـەنـدەك قـىـلـىـپ سـۆزلەپتۇ . پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، كۆڭلى پەرىشان بولۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە قۇللارغا « ئەبۇئامنى ھازىـر قـىـلـىڭلار » دەپ بۇيرۇۋۇپتۇ . قۇللار دەرھال ئەبۇئامنى ھازىر قىلىشىپتۇ .

« ھەي ئەبـۇئام ! ــ دەپـتـۇ پـادىـشاھ شۇ سائەتتە ، ــ ماڭا بىر مۇشكۇل ئىش دۇچ كەلدى ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىن ئاشۇ شۇبھەنى كۆتۈرۈۋەتكىن . »

« ئېـيـتـىـلا پـادىـشاھى ئالەم ، ئەقلى ـ قۇدرىتىم يەتكۈچە جاۋاب قىلاي » دەپتۇ ئەبۇئام .

« ئەگـەر قـۇل غـوجـىـسـىـغـا خىزمەت قىلسا ئۇنى ھۆرمەت قـىـلـغـان بـولـىدۇ . ئەگەر غوجىسىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمىسا ياكى ھەرىـمـىگە ئەدەپسىزلەرچە كـۆز تـاشـلـىـسـا ، ئۇنى نېمە قىلماق كېرەك ؟ » دەپ سوراپتۇ پادىشاھ .

« ئەگـەر ئۇنـداق قـىـلـغـان بولسا ، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكمەك مۇباھدۇر » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەبۇئام .

بـۇ سـۆزنـى ئاڭـلـىـغان پادىشاھ غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ بېشىغا شـەمـشـەر بـىـلـەن شـۇنـداق ئۇرۇپـتۇكى ، ئۇنىڭ بېشى باپباراۋەر ئـىـككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ . پادىشاھ شۇ ئاچچىقى بىلەن ھەرەمدىن چـىـقـىـپ ، مـەلـىـكىدىن سوراپتۇ ۋە ئۇنى كايىپتۇ . خاپىلىق بىلەن قـۇللار يـاتـقـان ئۆيـنـىـڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سـاپـتـۇ . ئىچكىرىدە قۇللار بىر ـ بىرىگە « مەن سەندىن چوڭراق ، مـاڭـا كـۆپـرەك بـەرگـىن » دېسە ، يەنە بىرى « ئۇ سۆزنى قورقماي مـەن دېـدىـم ، پـۇلـنـىـڭ جىقراقىنى مەن ئـېـلـىـشـىـم كېرەك » دەپـتـۇ . يـەنـە بـىـرى : « يالغان سۆز بىلەن بىر بىچارىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردۇق ، بىزگە بىر نەچچە دەرەم ھارام پۇلدىن نېمە ھاسىل

## ھۆججاج

تارىخ سەھىپىلىرىدە شۇنداق يېزىلىپتۇكى . ھۆججاج دېگەن بىر زالىم پادىشاھ بار ئىكەن . مال ـ دۇنياسى كۆپ ۋە نازۇ ـ نېمىتى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەن ، دائىم لەشكەر تەربىيىلەيدىكەن . ئەمما ئۇنىڭ پەرزەنتى يوق ئىكەن . پەرزەنت تەلەپ قىلىپ دائىم روزا تۇتىدىكەن . ئاللاتائاللا ئۇنىڭغا ھۆسن ـ جامالى تولۇن ئايدەك بىر پەرزەنت بېرىپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بوپتۇ . مۇنەججىملەرنى چاقىرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ . مۇنەججىملەر ئۇنىڭدىن مۆھلەت سوراپتۇ ، مۆھلىتى تامام بولغاندىن كېيىن ھەممىسى يىغىلىپ كېلىپ : « ئەمدى پادىشاھىمىزنىڭ پەرمانى ئىكەن . شاھزادىنىڭ ئەھۋالىدىن كىچىككىنە ئاشكارا قىلايلى » دەپ شۇنداق بىشارەت بېرىپتۇ . « شاھزادىنىڭ مۇبارەك تەلىيىگە نەزەر سالدۇق ، يەتتە ياشقا كىرگەندە ، بۇ گۆدەككە شىردىن زەخىم يەتكەي ، ئەمما پادىشاھ ئۇشبۇ پەرزەنتىنىڭ قولىدا ئۆلگەي » . پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەمكىن بولۇپ : « خۇدا ساقلىسۇن ، بۇ قازانى قايتۇرىمەن » دەپتۇ . « پادىشاھىم ! ھېچكىم قازانى قايتۇرالمايدۇ » دەپتۇ بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر .

« ئەگەر قازانى قايتۇرالمىسام سېنى ئۆلتۈرىمەن ! » دەپتۇ غەزەپلەنگەن پادىشاھ .

« ھەي پادىشاھ ! ئەگەر قازانى ياندۇرالىساڭ مېنى ئۆلتۈرگىن » دەپتۇ ۋەزىر .

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ « ئەمسە ماڭا ھۆججەت بەرگىن »

« بۇ ئىشتا ھەرقانداق گۇناھ بولسا ماڭا بولسۇن ، ئەمما سەن گەپ قىلىپ پادىشاھنى ماقۇل قىلغىن » دەپتۇ مۇناپىق ۋەزىر . ئۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە نائىلاج بولۇپ :

« سەن چىقىپ پادىشاھنى ھەرەمگە كىرگۈزگىن ، مەن ئېيتاي » دەپتۇ . ۋەزىر خۇشال بولۇپ پادىشاھنىڭ قېشىغا چىقىپتۇ ۋە :

« قاچانغىچە بۇ ئوغرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىسىز ؟ ئۇنىڭدىن كۆڭلىڭىزنى ئۈزۈپ سىياسەت قىلىۋېرىڭ ، ئاما خاسنىڭ بۇنداق ھاقارەتكە بۇنىڭدىن ئارتۇق سەۋر ـ تاقىتى قالمىدى » دەپتۇ .

پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ « بەختىيارنى كەلتۈرۈڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ ھەم جاللاتلارنى ھازىر قىپتۇ .

« ئى پادىشاھىم ! مەن بۇ ئىشتا بىگۇناھمەن . بىگۇناھلىقىم ئاللاتائاللاغا مەلۇم » دەپتۇ بەختىيار ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ :

يوقتۇر گۇناھىم بۇڭا ھەق گۇۋاھ ،
قازا ئالدىدا بولدۇم بى دەۋا .
خالاس بولاي دېمە بۇ غەمدىن ،
شاھ ھەسرىتىدىن ھەم بۇ ئەلەمدىن .

« مەن بۇ جاپا يۈكىدىن خالاس تېپىشنى تىلەيمەن ، ئەمما قازايى ئىلاھى خالاس قىلمايۋاتىدۇ ، خۇددى پادىشاھ خوجاج كەلگەن قازانى قايتۇرماققا تىرىشقان بولسىمۇ قايتۇرالمىغىنىغا ئوخشاش . »

« قانداق ھېكايە ئىكەن ئۇ ، قېنى سۆزلەپ باق ! » دەپتۇ پادىشاھ . بەختىيار سۆزلەشكە باشلاپتۇ .

بېرىپتۇ . ئۇ ، خەت ۋە ئىلىم ، ئەدەپ ئۆگىنىپتۇ . يېشى ئون ياشقا يەتكەندە ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە قابىلىيىتى شۇنداق دەرىجىگە يېتىپتۇكى ، ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەن . بىر كۈنى ئۇ بالا مىرزىغا ئەگىشىپ ئوردىغا كىرىپتۇ ، پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ، ئەمما تونۇماپتۇ . پادىشاھ « بۇ ئوغۇلنى ماڭا بەرگىن » دەپتۇ ئوردا مىرزىسىغا .

« پادىشاھى ئالەم ! بۇ سىزنىڭ قۇلىڭىز » دەپتۇ ئوردا مىرزىسى . پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ ھەم ئۆزىگە مەھرەم قىلىۋاپتۇ .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھنىڭ يۇرتىغا يېغى كەپتۇ . پادىشاھ لەشكەرلىرىنى جەم قىلىپ ، جەڭ قىلىش ئۈچۈن چىقىپتۇ . ئىككى تەرەپ سەپ تارتىپ جەڭنى باشلاپتۇ . پادىشاھ ھۇجاج قارىسا دۈشمەن لەشكەرلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەن . ئۇ نەرە تارتىپ مەيدانغا ئۆزى كىرىپتۇ . ھېچكىم بىر ـ بىرىنى تونۇماي جەڭ قىلىدىكەن . تۇيۇقسىز پادىشاھنىڭ مەھرىمى يېتىپ كېلىپ پادىشاھنى تونۇماي قىلىچ بىلەن بىرنى ئۇرۇپتۇ ، شۇئان پادىشاھنىڭ بىر قولى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ ، پادىشاھ ئۇنى تونۇپتۇ ۋە :

« ھەي ھارامزادە ئىت ! نېمە ئۈچۈن ماڭا قەست قىلىسەن ! » دەپتۇ . مەھرەم بولسا : « سىز لەشكەردىن ئايرىلمىغان بولسىڭىز مەن سىزگە زەخمە سالمىغان بولاتتىم ! » دەپ بېرىپ جەڭ قىلىۋېرىپتۇ . ئاخىرى دۈشمەن لەشكەرلىرى قېچىپتۇ . بۇلار غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىشىپتۇ . ئەمما پادىشاھ يارىدار بولغانىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ يارىسى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا سەپەر قىلىش ۋاقتىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، دەرھال ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ ۋە شۇنداق

دەپتۇ. ۋەزىر ھۆججەت يېزىپ پادىشاھقا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇ خەتنى خەزىنىچىگە بېرىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ بىر تاغ ئارىسىغا بېرىپ ئۆيگە ئوخشاش قىلىپ بىر زىندان قازدۇرۇپتۇ، ئوغلىغا ئىنىكئانا تەيىنلەپتۇ. ئىككىلىسىنى زىندانغا ساپتۇ ۋە ئۇلارغا ھەرقانداق لازىمەتلىك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ گاھى ـ گاھىدا زىندانغا كېلىپ يۈرەك پارىسى پەرزەنتىنى كۆرۈپ كېتىدىكەن.

مۇنەججىملەر تەيىن قىلغان ۋاقىت توشۇپتۇ. بىر كۈنى ئىنىكئانا شۇنداق دەپتۇ: « ئەمدى ئوغلىڭىز چوڭ بولدى، پادىشاھىم! بىزنى بۇ زىنداندىن چىقىرىڭ، بۇ يەردە تۇرۇشقا بۇنىڭدىن ئارتۇق تاقىتىمىز يوق.»

« پات پۇرسەتتە بۇ يەردىن قۇتۇلىسىلەر » دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ ئۇ زىنداننىڭ تۈڭلۈكىگە بىر تاشنى يېپىپ قويۇپ قايتقانىكەن. بىر شىر بىر تۈلكىنى قوغلاپ كېلىپ قاپتۇ، ئۇ تۈلكە نەق ئاشۇ تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپتۇ. شىر ئاچچىقى بىلەن ئۇ تاشنى كۆتۈرۈپتۇ، لېكىن مۇدۇرۇپ كېتىپ تاش بىلەن بىللە تۈڭلۈكتىن زىندان ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، شۇنىدا شىر ئىنىكئانىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىپتۇ، شاھزادىنى بولسا ئاغزىغا ئېلىپ بىر سىلكىتىپ تاشلىغانىكەن، شاھزادە زىنداننىڭ لېۋىگە بېرىپ چۈشۈپتۇ. شىر ئۇنى كۆرمەي قايتىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ئۇ يەردە شىرنىڭ زەخمىدىن خۇداغا نالە قىلىپ يېتىپ قاپتۇ. تاسادىپەن پادىشاھنىڭ ئوردا مىرزىسى شىكارغا چىققانىكەن، قۇلىقىغا بىر غەيرىي ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. خىزمەتكارلىرىدىن بىرى بېرىپ قارىسا، بىر نارەسىدە يارىلانغان ھالدا ياتقانىكەن، ئۇنى مىرزىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپتۇ. مىرزا ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ زەخمىگە دورا قويۇپتۇ. زەخملەر ساقىيىپ كېتىپتۇ. مىرزا ئۇنى مەكتەپكە

مەكتەپكە بەردى، خەت ۋە ئىلمي ئەدەپ ئۆگەندىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاتائاللانىڭ لۇتپى ـ مەرھەمىتى بىلەن پادىشاھقا ئۇلاشقانىدىم، قانداق قىلاي! يا زامانىنىڭ رەھىمسىزلىكىدىنمۇ، ياكى بەختسىزلىكىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ غەپلەت بېسىپ مەندىن بۇ ئىش سادىر بولدى. لېكىن ھېچكىم پادىشاھقا بۇنداق قاباھەت ئىش قىلماس. ئەگەر بۇ ئىش مەندىن قەستەن سادىر بولغان بولسا، قارا يۈز بولۇپ كېتەي.»

ئۇ قەسەم قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن تەئەججۇبلىنىپتۇ ۋە ئوردا مىرزىسىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

«سەن بۇ ئوغۇلنى نەدىن تاپقانىدىڭ؟»

«ئى خەلقپەرۋەر پادىشاھىم، — دەپتۇ ئوردا مىرزىسى، — بىر كۈنى شىكارغا چىققانىدىم، تۇيۇقسىز بىر تاغدىن بىر ئاۋاز چىقتى. قۇلاق سالدىم، ئىزدەپ بېرىپ قارىسام يار لېۋىدە بىر بالا يېتىپتۇ. ئۇنىڭغا شىر زەخمە ئۇرغانىكەن، بېشىنى قۇچىقىمغا ئېلىپ يۈرىكىنى تىڭشاپ كۆرۈپ، ساقىيىش ئېھتىماللى بارلىقىنى بىلدىم. ئەھۋالىنى سورىدىم، ئۇ جاۋاب قايتۇردى. ئۇنى ئېتىمغا يۈكلەپ ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. زەخمىگە دورا قويۇپ نەچچە كۈن، نەچچە ئاي تەربىيە قىلدىم، ئۇ ساقايدى، ئاندىن كېيىن ئۇنى موللىغا بەردىم، ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگەندى. بەزى ۋاقىتلاردا مەن بىلەن بىللە خىزمەتلەرگە كېلەتتى. شۇندا نەزەرلىرىگە مەنزۇر بولۇپ قالغاچقا، ئۇنى ئەمەلدار قىلدىلا، تاسادىپەن ياۋ بىلەن بولغان جەڭدە، بىلمەستىن جانابلىرىغا زەخمە يەتكۈزگەنىكەن.»

پادىشاھ ئوردا مىرزىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال بالىنىڭ يۈز ـ كۆزىگە سۆيۈپتۇ، شۇ زامان «بەند ۋە كىشەنلەرنى

دەپتۇ :

« ئەمدى سېنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىڭ ئىسپاتلاندى . پەرزەنتىمنى شىر يېدى ، مەن بولسام باشقا ئادەمنىڭ زەخمى بىلەن ئۆلىدىغان ئوخشايمەن . سەن : ئەگەر پادىشاھ قازانى ياندۇرسا مېنى ئۆلتۈرسۇن ، دەپ ھۆججەت بەرگەنىدىڭ ، مەن قازانى ياندۇردۇم ، بۈگۈن سېنى ئۆلتۈرىمەن . »

« بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى مەھرەمدىن سوراپ بېقىش كېرەك » دەپتۇ ۋەزىر . پادىشاھ بۇيرۇق بېرىپ مەھرەمنى كەلتۈرۈپتۇ .

« ھەي ئەبلەخ سۆزلە ! سەن ئەسلى نەدىن بولسەن ؟ بۇ شەھەرگە نەدىن كەلدىڭ ؟ » دەپ سوراپتۇ پادىشاھ .

« بۇ ئىشنى مەندىن سورىدىڭىز ، مەن بايان قىلاي ، — دەپتۇ مەھرەم يىگىت ، — مېنى بىر خوتۇن بىر زىندان ئىچىدە ساقلايتتى ، ئۇ خوتۇن ماڭا : سەن بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوغلى ، مەن سېنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ساقلايمەن ، دەيتتى . ھەر كۈنى بىر كىشى كېلىپ بىزنى كۆرۈپ كېتەتتى ، شۇ چاغدا ئۇ ئايال ماڭا : ‹ بۇ كىشى سېنىڭ ئاتاڭ ، لېكىن ئۇ بىزنى بۇ يەردە قاچانغىچە ساقلايدىغاندۇ ، › دەيتتى . تاسادىپەن بىۋاپا بەختىنىڭ كۆزى كور بولۇپ ، بىر شىر بىر تۈلكىنى قوغلاپ كەپتۇ ـ دە ، پۇتىنى زىندانىنىڭ ئاغزىغا قويۇشى بىلەنلا پۇتى تاشقا تېگىپ تاش بىلەن بىللە زىندان ئىچىگە چۈشتى ، شىر زىندان ئىچىدە ئايالنى تۇتۇپ يېدى ، مېنى چىشلەپ زىندانىنىڭ سىرتىغا چۆرىۋەتتى . مەن جاراھەتلىنىپ زەخىم دەردىدىن تاغ ئارىسىدا ياتاتتىم ، ئۇردا مىرزىسى شىكارغا چىققاندا مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ يەردىن كۆتۈرۈۋالدى ۋە ئېتىغا يۆلەپ شەھەرگە ئېلىپ كەلدى ؛ زەخىملىرىمگە دورا قىلدى ، ئاخىر مەن ساقايدىم ، كېيىن مېنى

جاللاتلارنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچۈن تۇرغانىكەن.

«ھەي جاللاتلار! قولۇڭلارنى تارتىڭلار! بۇنىڭ گۇناھى يوق. ئەمما دۈشمەنلەر ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن بۇنى پادىشاھقا يامانلاپ بەرگەن، شۇڭا پادىشاھ بۇنى بىگۇناھ ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ» دەپ ۋارقىراپ پەرياد قىپتۇ فەررۇخ سوۋار. فەررۇخ سوۋارنىڭ بۇنداق نالىسى پادىشاھقا ئاڭلىنىپتۇ، فەررۇخ سوۋارنى چاقىرتىپ كېلىپ سوراپتۇ:

«ھەي فەررۇخ سوۋار! بۇ ئوغۇلنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا راستچىللىق بىلەن بايان قىلغىن. ئەھۋالى ماڭا مەلۇم بولسۇن، ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم.

«ئەي پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ فەررۇخ سوۋار، — بۇ ئوغۇلنى كىچىكىدىن پەرۋىش قىلغانىدىم. ئۇ پەرىشتىدەك خۇيلۇق بالا ئىدى. كىچىكىدىن تا چوڭ بولغۇچە ئۇنىڭدىن مەن ھېچبىر خاتالىق كۆرگىنىم يوق ئىدى. ئۆز پۇشتىدىن بۇنداق ئالىي قىممەتلىك گۆھەرلەرنى ياراتقان ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئاپىرىن.»

«ھەي فەررۇخ سوۋار، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەجەب غەلىتە گەپ قىلىسەنغۇ، سۆزلىرىڭ يالغان بولمىسۇن يەنە! ئەھۋالنى راستچىللىق بىلەن بايان قىلغىن، بولمىسا بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىپ، بەختىيارغا جۈپ قىلىمەن!»

فەررۇخ سوۋار دۇئا ۋە ماختاشقا ئېغىز ئېچىپتۇ ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

شاھلار ئەدلىدىن يۇرت بولار ئاۋات،
ئۇنىڭ لۇتپىدىن غەمكىن كۆڭۈل شاد.

ئېلىۋېتىڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ : « يۈرىكىمنىڭ پارىسى ، ئەزىز پەرزەنتىم » دەپ ئۇنىڭغا پادىشاھلىق تاجىسىنى كىيدۈرۈپتۇ . « ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى ! پەرزەنتىم قولۇمغا كەلدى ! » دەپ خۇداغا شۈكۈرلەر قىپتۇ . ئەمما قازانى ياندۇرالمىدىم ، دەپ ۋەزىرگە ئۆزرە قويۇپتۇ .

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە بەختىيار شۇنداق دەپتۇ :

« بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، ھېكچىم قازايى ئاسمان ۋە تەقدىرى ئىلاھىتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، شۇڭا سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئىش قىلىش كېرەك . ئالدىراپ بىر ئىش قىلسا ، كېيىنكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ . »

لېكىن ۋەزىرلەر تۇشمۇ تۇشتىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ :

« بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئېتىبارغا ئالمىدىلا پادىشاھى ئالەم ، ئەمدى بىزگە رۇخسەت بەرسىلە ، ھەر قايسىمىز بىر بۇلۇڭدا جان باقايلى ! »

پادىشاھ نائىلاج بولۇپ بەختىيارغا سىياسەت قىلماقچى بولۇپتۇ ۋە پۈتۈن شەھەرگە تۆۋەندىكىدەك جاكار قىپتۇ :

« شەھەر ئاھالىسى ، چوڭ ـ كىچىك ، ئەر ـ خوتۇن ، ھەممىسى ھازىر بولسۇن ، بەختىيارنىڭ ھالىنى تاماشا قىلىپ ، ئىبرەت ئالسۇنكى ، بۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە ھېچ كىشى ئەدەپسىزلەرچە ۋە گۇستاخلارچە قەدەم قويمىغاي . »

بارچە شەھەر خەلقى يىغىلىپتۇ ، بىچارە بەختىيارنى باغلاپ ئۆلتۈرگىلى دار تۈۋىگە ئېلىپ چىقىپتۇ . خالايىقلار بەختىيار ئۈچۈن يىغا ـ زار قىلىشىپتۇ . تاسادىپەن شۇ كۈنى فەررۇخ سۇۋار « بەختىيار پادىشاھقا يېقىن بولۇپتۇ » دەپ ئاڭلاپ ، « بەختىيارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كۆرسەم بولاتتى » دەپ شەھەرگە كەلگەنىكەن . فەررۇخ سۇۋارنىڭ نەزىرى بەختىيارنىڭ جامالىغا چۈشۈپتۇ . قارىسا

يۈزلىرىدىن سۆيۈپتۇ .

« ھەي مەلىكە ! نېمە ئۈچۈن بەختىيارغا تۆھمەت قىلدىڭ ؟ » دەپ سوراپتۇ پادىشاھ .

« ھەي پادىشاھ ، — دەپتۇ مەلىكە ، — ۋەزىرلەر ماڭا : بەختىيار پادىشاھقا بەك يېقىن بولۇپ كەتتى ، ئۇنى پادىشاھنىڭ دەرگاھىدىن يىراق قىلمىساق بىزگە كۈن يوق . سەن ياردەم قىلمىساڭ ، ئۈستۈڭدىن ئۆسەك تارقىتىپ ، نامىڭنى بۇلغايمىز ۋە سېنى ئۆلۈمگە گىرىپتار قىلىمىز ، دەپ ماڭا قورقۇنچ سېلىشتى . »

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپ بىلەن ھەرەمدىن چىقىپ ، ئون ۋەزىرنىڭ ھەممىسىنى بەختىيارنىڭ ئورنىغا دارغا ئېسىپتۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ غۇلغۇلىسىنى پەسەيتىپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن بەختىيارنى تەخت ئۈستىگە چىقىرىپتۇ . فەررۇخ سۇۋارنى پۈتۈن مەملىكەتكە ۋەزىر قىپتۇ . خالايىق ئارىسىدا ئادالەت ئورنىتىپتۇ . پۈتۈن ئەل - يۇرت ۋە خالايىق بەختىياردىن ، فەررۇخ سۇۋاردىن رازى بولۇپ خۇشاللىق ۋە شادىمانلىق بىلەن ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ . بىرنەچچە زاماندىن كېيىن ، ئۇلار ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . ئەمما بۇ ھېكايەتلەر ئۇلاردىن بىزگە يادىكار قاپتۇ .

ھەر كىشى بولسا شاھلارغا مەھرەم،
زېرەكلىك بولغۇسى ئۇڭا ھەمدەم.

ئەي پادىشاھى ئالەم! بىلىڭ ۋە ئاگاھ بولۇڭكى، — دەپتۇ فەررۇخ سۇۋار، — بىر كۈنى بىر تەرەپكە سەپەر قىلغانىدۇق، بىر ئورمانزارلىقتا يېتىپ باردۇق. ئۇ جاي شۇنداق بىر جاي ئىدىكى، ئۇ جايغا ئادەم پەرزەنتىنىڭ زادى ئايىغى يەتمىگەنىدى. بىر نەرسىگە كۆزۈم چۈشتى، بېرىپ قارىسام بىرمۇنچە زەر يىپلار بىلەن توقۇلغان يۆگەككە بىر بوۋاقنى يۆگەپتۇ، ئىككى قولىغا يەتتە دانە مەرۋايىتنى باغلاپتۇ، ناھايىتى ساھىبجامال ۋە چېھرىسى ئوچۇق بوۋاق ئىكەن، بۇ بىر پادىشاھ زادى ئوخشايدۇ دەپ پەم قىلدىم، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭغا نەزەر سالدىم؛ كۆپتىن - كۆپ پەرۋىش بىلەن ئىلىم - ئەدەپ ۋە خەت - ساۋات ئۆگەتكەنىدىم. ئىقبال دۆلەت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ھەزرەتلىرىگە ئۇلىشىپتۇ، ئەمما بىۋاپا دۇنيا ۋە جاپاكەش پەلەك دۆلەت مۇقامىدىن مېھنەت زىندانىغا چۈشۈرۈپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى ھېلىقى زەر يۆگەك بىلەن مەرۋايىتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. فەررۇخ سۇۋار دەرھال ھازىر قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى كۆتۈرۈپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. زەر يىپلار بىلەن توقۇلغان يۆگەك ۋە مەرۋايىتلارنى تونۇغان مەلىكە: «پەرزەنتىمىزدىن كىم خەۋەر بەردى، پادىشاھى ئالەم!» دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

«بەختىيار بىزنىڭ پەرزەنتىمىز ئىكەن» دەپ پادىشاھ خۇشال بوپتۇ ۋە ھەرەمدىن چىقىپ بەختىيارنىڭ كىشەنلىرىنى بوشىتىپ ھەرەمگە كىرگۈزۈپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆزى بەختىيارغا چۈشكەندە، ھەسرەت بىلەن كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ كۆرۈشۈپ

بۇ نامەنى كابۇل دىيارىنىڭ ئۇلۇغلىرى بەندىلىك بىلدۈرۈش بىلەن ئەۋەتتى. جاناب پادىشاھقا سۆزىمىز شۇكى، پات پۇرسەتتە ئۆزلىرى بۇ دىيارغا قەدەم تەشرىپ قىلغايلا، بىز مۇنتەزىردۇرمىز. ئىنتىپاق بىرلە شەھەرنى ئېلىپ بېرۇرمىز.»

ئەلچى مەكتۇپنى ئېلىپ تېز ۋە ئالدىراشلىق بىلەن يولغا چىقىپتۇ. نەچچە مەنزىل ۋە ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ پىشاۋۇر شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھقا كابۇل خەلقىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، ئۇ مەكتۇپنى تۇتۇپتۇ. پادىشاھ دەرھال لەشكەرلىرىنى يىغىپ، كابۇل شەھىرىگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. پىشاۋۇر پادىشاھى ئۇن بىر كۈن يول يۈرۈپ، كابۇل شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كابۇل پادىشاھى مەلىكە بىلەن شاھ كابۇلنى ئېلىپ، ئۇچەيلەن بىر ئاتقا مىنىپ شەھەردىن ئاران قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. شەھەر خەلقى پىشاۋۇر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى مۇبارەكلەپ سەلتەنەت تەختىگە چىقىرىپتۇ. كابۇل پادىشاھى ئوغلىنى مىنگۈزۈپ، ئۆزى بىلەن مەلىكە پىيادە يۈرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى قاپىرىپ، ئاچلىقتىن ماغدۇرى ئۇزۇلۇپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا شۇنداق دەپتۇ: «بالام، سېنىڭ تۇپەيلىڭدىن پادىشاھلىق تەختىدىن جۇدا بولدۇق. جاپا ۋە قىيىنچىلىقتا قالدۇق. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالىمىز خاراپ بولدى. ئەمدى، سەن شىكارغا بېرىپ بىزگە بىرەر نەرسە ئوۋلاپ ئەكېلىپ بەرگىن.»

شاھ كابۇل ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ ۋە بىر بۇلاق لېۋىدە تۇرغان كېيىكنى كۆرۈپ، ئېتىنى ئوتقا قويۇۋېتىپ ئۆزى كېيىك تەرەپكە مارىلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا بىر شىر كېلىپ شاھ كابۇلنىڭ ئېتىنى يەپتۇ، شاھ كابۇل پىيادە ھالدا شىرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۇنى

# شاھ كابۇلنىڭ ھېكايىسى

تارىخ سەھىپىلىرىدە شۇنداق پۈتۈلۈپتۇكى : كابۇل شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن . ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ، مال - دۇنيالىرى سان - ساناقسىز بولسىمۇ ، پەرزەنتى يوق ئىكەن . شۇڭا ئۇ كېچە - كۈندۈز خۇدادىن پەرزەنت تەلەپ قىلىدىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە ھامىلدار بولۇپ ، بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ . ئۇنىڭغا شاھ كابۇل دەپ ئىسىم قويۇپتۇ ، ئۇ ئوغۇل يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىپتۇ . مەكتەپتە ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىنىپتۇ . بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ . پادىشاھ ئوغلىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپتۇ . ئەمما شاھزادە كابۇل كېچە - كۈندۈز ھاراق - شاراب ئىچىدىكەن ، پاھىشە قىلىدىكەن . پادىشاھ ئوغلىنىڭ خورسەن بولۇشى ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە : « چوڭ - كىچىك ھەممىيلەن شاراب ئىچسۇن ، ئەگەر ئىچمىسە شەھەردىن چىقىپ كەتسۇن ، ئەگەر چىقمىسا مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىڭلار ! » دەپ جاكا قىپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن كابۇل خەلقى پىتنە - پاسات ۋە گۇناھ قىلىشقا باشلاپتۇ . ئەرلەر خوتۇن - قىزلىرىنى باشقۇرالماي قاپتۇ . شۇڭا ئۆلىمالار يۇرت خەلقى بىلەن بىرلىشىپ پىشاۋۇر دىيارىنىڭ پادىشاھىغا مەكتۇپ بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ . مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن :

« پىشاۋۇر دىيارىنىڭ پادىشاھىغا :

دۇچ كەلگەن ئىش شۇكى، سىلەر مېنى سېتىڭلار، پۇلنى ئېلىپ ئوقەت قىلىڭلار، كېيىن مېنى يەنە قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالارسىلەر، ياكى مەن سىلەرنى ساتسام بولىدۇ. خۇدا بۇيرىسا بىر ئامال قىلىپ قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن.»

«ئوغلۇم، — دېيىشىپتۇ پادىشاھ بىلەن مەلىكە، — سەن بىزنى ساتقىن. سەن تېخى ياش، بىر ئامال قىلىپ بىزنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىسەن. ئەگەر بىز سېنى ساتساق قۇللۇقتا نابۇت بولۇپ كېتىسەن.» شۇنداق قىلىپ پادىشاھ بىلەن مەلىكە ئۆزلىرىنى سېتىشقا ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە ئاتا - ئانىسىنى قول قىياپىتىدە قىلىپ شەھەرگە ئاپىرىپتۇ.

يەمەن پادىشاھى: «كىم قۇشنى تۇتقان بولسا ئېلىپ كەلسۇن، نېمە تىلىسە شۇنى بېرىمەن» دەپ جاكار قىلدۇرغانىكەن. شاھ كابۇل دەرھال قۇشنى ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى قۇشنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ پادىشاھقا بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، شاھ كابۇل ئۇلارغا بەرمەي، پادىشاھقا لايىق ئەدەپ - ھۆرمەت رەسمىيەتلىرىنى ئوبدان بەجا كەلتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئۆز قولىغا بېرىپتۇ. يەمەن پادىشاھى بۇ ئىشنى پال ھېسابىدا بىلىپ: «ئەمدى ئىشىم ياخشى بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. يەمەن پادىشاھى شاھ كابۇلنى كۆرۈپ: «ئەجەب ئەدەپلىك يىگىت ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ - دە:

«ھەي يىگىت! مەندىن نېمە تىلىسەڭ تىلىگىن» دەپتۇ.

«نېمە تىلىسەم بولار، — دەپتۇ شاھ كابۇل، — مېنىڭ بىر قۇلۇم ۋە بىر چۆرەم بار ئىدى. شۇلارنى سېتىۋېلىشلىرىنى سورايمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تىلەيدىغىنىمنى تىلەي.» يەمەن پادىشاھى ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. شاھ كابۇل ئاتا - ئانىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. يەمەن پادىشاھى ئۇلارنى كۆرۈپ قولىغا

ئۆلتۈرۈپ تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىۋاپتۇ ، ئەمما ئۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئاشۇ سەھرادا قېپقاپتۇ . پادىشاھ بىلەن مەلىكە ئۇنى شىر يېدىمىكىن ياكى بۆرە يېدىمىكىن دەپ غەم قىلىپ تۇرغاندا ، شاھ كابۇل كېيىك بىلەن ئېگەر ـ توقۇمنى ئۈستىگە ئارتىپ يېتىپ كەپتۇ ، بۇنى كۆرۈپ شاھ ۋە مەلىكە بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپ ، كېيىكنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ ۋە ھەر ئۈچەيلەن پىيادە ھالدا يولغا چۈشۈپتۇ . يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈن يول يۈرگەنىكەن ، پادىشاھ بىلەن مەلىكە يول يۈرەلمەي قاپتۇ . چۈنكى پادىشاھ پىيادە يول يۈرۈپ باقمىغانىكەن . شاھ كابۇل گاھى ئاتىسىنى ۋە گاھىدا ئانىسىنى يۈدۈپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ ، مۇشۇ ھالدا بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندە ، بىر ئورمانلىققا يېتىپ بېرىپتۇ . ئۇ يەردە بۈك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلەر ۋە ئوت ـ گىياھلار بار ئىكەن . « ئاتا ! بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ تەرەپتە شەھەر ۋە يۇرتلار بار ئوخشايدۇ . سىلەر مۇشۇ بۇلاق يېنىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ خەۋەر ئالاي دەپ شاھ كابۇل دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ يىراققا نەزەر تاشلىغانىكەن ، بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ . شاھ كابۇل شۇ تەرەپكە راۋان بوپتۇ ، شەھەرگە كىرىپ ئۇياق ـ بۇياقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ، تاشتىن ياسالغان بىر سۇپا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، « نەدىن تائام تېپىپ ئېلىپ بارارمەن » دەپ خىيال سۈرۈپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ . ئۇ شەھەر يەمەن شەھىرى ئىكەن . ئۇ كۈنى يەمەن پادىشاھى شىكارغا چىققان بولۇپ قۇشنى يوقىتىپ قويغانىكەن . ئۇ قۇش پەرۋاز قىلىپ كېلىپ تۇيۇقسىزدىن شاھ كابۇلنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ . شاھ كابۇل ئويغىنىپ قۇشنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ . ئاتىسى ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ .

« ئاتا ، ــ دەپتۇ شاھزادە ، ــ سىلەرنىڭ ۋە مېنىڭ بېشىمغا

مەسلىھەتىمىزگە كىرسىڭىز، سىز بىزگە باشلىق بولۇڭ. چىن ماچىن پادىشاھى نېمە بەرسە ئىككى ھەسسىسىنى سىز ئېلىپ، بىر ھەسسىسىنى بىزگە بېرىڭ.»

شاھ كابۇل ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە ماقۇل بوپتۇ. ئاندىن كېيىن شاھ مەرزۇق بەرگەن مەكتۇپنى ئەلچىلەر شاھ كابۇلغا بېرىپتۇ. ئالتە كىشى بىرلىكتە يولغا راۋان بوپتۇ. لېكىن تۇيۇقسىز بوران چىقىپ ئۇلار بىر ـ بىرىنى يوقىتىپ قويۇشۇپتۇ. شاھ كابۇل ئېتىنى يېتىلەپ بوران پەسەيگىچە پىيادە يول مېڭىپتۇ. ئەمما ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىپ ئاران دېگەندە بىر قۇدۇق بېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بىر سائەت ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن سوغىدا سۇ تارتىپ ئۆزى ئىچىپتۇ ۋە ئېتىنى سۇغىرىپتۇ. شۇ جايدا ئولتۇرۇپ «ھېلىقى مەكتۇپنى ئېچىپ كۆرۈپ مەزمۇنىنى ئوقۇپ باقاي» دەپ كۆڭلىگە كەپتۇ ـ دە، دەرھال ئېچىپ كۆرۈپتۇ. قارىسا مەكتۇپقا تۆۋەندىكىدەك يېزىلىپتۇ:

«ئەي خاقانى چىن! ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭكى، بۇ بارغان بەش كىشى ماڭا دۈشمەندۇر. مەن ئۇلارنى گوللاپ سىزگە ئەۋەتتىم. ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىپ ماڭا ئەۋەتكەيسىز.»

شاھ كابۇل بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ: «ئەجەبا! نېمىدېگەن پايدىسىز ئەلچىلىك بۇ!» دەپتۇ ـ دە، مەكتۇپنى يىرتىپ پارە ـ پارە قىلىپ قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ يولغا چىقىپتۇ ۋە يەتتە كۈندە بىر تاغ ئېتىكىگە بېرىپ يېتىپتۇ. تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ قارىسا يىراقتا بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. تاغدىن چۈشۈپ شۇ تەرەپكە راۋان بوپتۇ، يولدا بىر كىشىدىن «بۇ قايسى شەھەر؟» دەپ سوراپتۇ. «بۇ چىن ماچىن شەھىرى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى. شاھ كابۇل شەھەرگە كىرىپ قارىسا بۇ چىن شەھىرى ئەجەب پاكىز ۋە ناھايىتى ياسىداق شەھەر ئىكەن. ئۇنىڭ

ئوخشمايدىغانلىقىنى بايقاپ سوراپتۇ :

« سىلەر بۇ يىگىتنىڭ قۇلىمۇسىلەر ؟ »

« شۇنداق . بىز بۇ يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مىراس قۇللارمىز » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار .

« ھەي يىگىت ! بۇلارنىڭ باھاسىنى نېمە دەيسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ يەمەن پادىشاھى .

« ياقۇت ۋە گۆھەر بىلەن بېزىتىلگەن بىر دانە ئالتۇن تاج ، بىر ئوقيا بىلەن ساغداق ۋە بىر نەچچە تال ئوق ، پۈتۈن جابدۇقلىرى بىلەن بىردانە ئات ، باش - ئاياغ شاھانە سەرۇپا ۋە مىڭ دانە قىزىل ئالتۇن تىلەيمەن » دەپتۇ شاھ كابۇل .

پادىشاھ قوبۇل قىپتۇ ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ھازىر قىپتۇ . شاھ كابۇل كىيىملەرنى كىيىپتۇ ، كەمەرنى باغلاپتۇ . مىڭ دىنارنى ساندۇققا ساپتۇ . ئېتىغا مىنىپ بۇ يۇرتتىن چىقىپ ، بىر ھازا يول يۈرۈپ ، بىر دۆڭگە چۈشۈپتۇ ۋە بېلىدىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ يەپ ئولتۇرغانىكەن ، بىر تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ . يېقىن كەلگەندە قارىسا ، بەش ئاتلىق كىشى كېلىۋاتقانىكەن . « بۇلار قاراقچى بولۇپ قالمىسۇن يەنە » دەپ خىيال قىلىپ تۇرۇشىغا ئۇلار كېلىپ سالام قىپتۇ . شاھ كابۇل جاۋاب بېرىپتۇ . ئۇلار شاھ كابۇلنى كۆرۈپ « ئەجەب چىرايلىق ۋە خۇش پېئىل يىگىت ئىكەن » دېيىشىپ ، ئۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ ، ئارام ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپتۇ . شاھ كابۇل ئۇلارغا نان ، چاي بېرىپتۇ .

« يىگىتلەر نەدىن كېلىۋاتىسىلەر ۋە نەگە كېتىۋاتىسىلەر ؟ » دەپ سوراپتۇ .

« بىز پەرەڭ پادىشاھى مەرزۇق قېشىدىن كېلىۋاتىمىز ، چىن ماچىنغا ئەلچىلىككە بارىمىز ، — دەپتۇ ئۇلار ، — بىزنىڭ

مەسلىھەتىمىزگە كىرسىڭىز ، سىز بىزگە باشلىق بولۇڭ . چىن ماچىن پادىشاھى نېمە بەرسە ئىككى ھەسسىسىنى سىز ئېلىپ ، بىر ھەسسىسىنى بىزگە بېرىڭ . »

شاھ كابۇل ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە ماقۇل بوپتۇ . ئاندىن كېيىن شاھ مەرزۇق بەرگەن مەكتۇپنى ئەلچىلەر شاھ كابۇلغا بېرىپتۇ . ئالتە كىشى بىرلىكتە يولغا راۋان بوپتۇ . لېكىن تۇيۇقسىز بوران چىقىپ ئۇلار بىر - بىرىنى يوقىتىپ قويۇشۇپتۇ . شاھ كابۇل ئېتىنى يېتىلەپ بوران پەسەيگىچە پىيادە يول مېڭىپتۇ . ئەمما ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىپ ئاران دېگەندە بىر قۇدۇق بېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ . بىر سائەت ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن سوغىدا سۇ تارتىپ ئۆزى ئىچىپتۇ ۋە ئېتىنى سۇغىرىپتۇ . شۇ جايدا ئولتۇرۇپ « ھېلىقى مەكتۇپنى ئېچىپ كۆرۈپ مەزمۇنىنى ئوقۇپ باقاي » دەپ كۆڭلىگە كەپتۇ - دە ، دەرھال ئېچىپ كۆرۈپتۇ . قارىسا مەكتۇپقا تۆۋەندىكىدەك يېزىلىپتۇ :

« ئەي خاقانى چىن ! ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭكى ، بۇ بارغان بەش كىشى ماڭا دۈشمەندۇر . مەن ئۇلارنى گوللاپ سىزگە ئەۋەتتىم ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىپ ماڭا ئەۋەتكەيسىز . »

شاھ كابۇل بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ : « ئەجەبا ! نېمىدېگەن پايدىسىز ئەلچىلىك بۇ ! » دەپتۇ - دە ، مەكتۇپنى يىرتىپ پارە - پارە قىلىپ قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ يولغا چىقىپتۇ ۋە يەتتە كۈندە بىر تاغ ئېتىكىگە بېرىپ يېتىپتۇ . تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ قارىسا يىراقتا بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ . تاغدىن چۈشۈپ شۇ تەرەپكە راۋان بوپتۇ ، يولدا بىر كىشىدىن « بۇ قايسى شەھەر ؟ » دەپ سوراپتۇ . « بۇ چىن ماچىن شەھىرى » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى . شاھ كابۇل شەھەرگە كىرىپ قارىسا بۇ چىن شەھىرى ئەجەب پاكىز ۋە ناھايىتى ياسىداق شەھەر ئىكەن . ئۇنىڭ

ئوخشمايدىغانلىقىنى بايقاپ سوراپتۇ:

«سىلەر بۇ يىگىتنىڭ قۇلىمۇسىلەر؟»

«شۇنداق. بىز بۇ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مىراس قۇللارمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار.

«ھەي يىگىت! بۇلارنىڭ باھاسىنى نېمە دەيسەن؟» دەپ سوراپتۇ يەمەن پادىشاھى.

«ياقۇت ۋە گۆھەر بىلەن بېزىتىلگەن بىر دانە ئالتۇن تاج، بىر ئۇقيا بىلەن ساغداق ۋە بىرنەچچە تال ئوق، پۈتۈن جابدۇقلىرى بىلەن بىردانە ئات، باش ـ ئاياغ شاھانە سەرۇپا ۋە مىڭ دانە قىزىل ئالتۇن تىلەيمەن» دەپتۇ شاھ كابۇل.

پادىشاھ قوبۇل قىپتۇ ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ھازىر قىپتۇ. شاھ كابۇل كىيىملەرنى كىيىپتۇ، كەمەرنى باغلاپتۇ. مىڭ دىنارنى ساندۇققا سالپتۇ. ئېتىغا مىنىپ بۇ يۇرتتىن چىقىپ، بىر ھازا يول يۈرۈپ، بىر دۆڭگە چۈشۈپتۇ ۋە بېلىدىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ يەپ ئولتۇرغانىكەن، بىر تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ. يېقىن كەلگەندە قارىسا، بەش ئاتلىق كىشى كېلىۋاتقانىكەن. «بۇلار قاراقچى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەپ خىيال قىلىپ تۇرۇشىغا ئۇلار كېلىپ سالام قىپتۇ. شاھ كابۇل جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار شاھ كابۇلنى كۆرۈپ «ئەجەب چىرايلىق ۋە خۇش پېئىل يىگىت ئىكەن» دېيىشىپ، ئۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ، ئارام ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپتۇ. شاھ كابۇل ئۇلارغا نان، چاي بېرىپتۇ.

«يىگىتلەر نەدىن كېلىۋاتىسىلەر ۋە نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ.

«بىز پەرەڭ پادىشاھى مەرزۇق قېشىدىن كېلىۋاتىمىز، چىن ماچىنغا ئەلچىلىككە بارىمىز، — دەپتۇ ئۇلار، — بىزنىڭ

ئاشىق بولغان بولسا، ئۇنىڭ قائىدىسى شۇكى، بۇ مۇنار ئۈستىگە چىقىپ ئاشىقلىق ناغرىسىنى چالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەلىكىگە ئاشىق ئىكەنلىكى ئالەمگە مەلۇم بولىدۇ. يەنە بىرمۇنچە شەرتلىرى بار، بەجا كەلتۈرسە خوپ، ئەگەر بەجا كەلتۈرەلمىسە بېشىنى كېسىپ مۇشۇ مۇنارغا ئاسىدۇ. مۇشۇ ھىيلە بىلەن 550 شاھزادىنى ئۆلتۈردى. ئۇلارغا رەھىم قىلمىدى. مۇنداق رەھىمسىز قانخورنى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس. ھېلى ئۆلتۈرگەن يىگىت مەغرىپ پادىشاھىنىڭ ئوغلى.»

«ئۇنىڭ شەرتلىرى نېمىكەن؟» دەپ سوراپتۇ شاھ كابۇل.

«ئاۋۋال بىرنەچچە سوئال سورايدىكەن. ئەگەر جاۋاب بەرسە خوپ، بولمىسا ئۆلتۈرىدۇ. ئەمما سوئال سورايدىغان يىغىلىشتا پادىشاھ ۋە چوڭ ـ كىچىك ھەممە خەلق يىغىلىدۇ. ھەر قېتىم يىغىلغاندا ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارمۇ كېلىدۇ. سودا ـ سېتىق بولىدۇ» دەپتۇ موزدوز.

شاھ كابۇل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ، ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يۈزنى خارلىق تۇپرىقىغا قويۇپ، دەرگاھى ئىلاھىغا سېغىنىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىپ مۇنارغا چىقىپتۇ ـ دە، ئاشىقلىق ناغرىسىنى چېلىپتۇ. چىن خەلقى پەرياد ـ پىغان قىلىپ، «قايسى ئەجىلى يەتكەن بىچارە بۇ رەھىمسىز زالىملارنىڭ قولىدا ئۆلەركىن؟» دېيىشىپ ئاشۇ يەرگە جەم بولۇشۇپتۇ. دۇكاندارلار دۇكانلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. خىزمەتكارلار ئوتتۇرىغا بىر ئالتۇن كۇرسى، بىر كۈمۈش كۇرسى ئەكېلىپ بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قويۇشۇپتۇ. شاھزادە مۇناردىن چۈشۈپ مومايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قارىسا موماي يىغلاپ

كوچىلىرىدا سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرۈپ ، بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ ـ دە ، ئۇ ئۆيگە كىرىشكە كۆڭلى تارتىپ ئىشىكنى قاققانىكەن ، ئۆيدىن بىر ئوبۇشقا موماي چىقىپ كەپتۇ .

« كىم سەن ؟ » دەپ سوراپتۇ موماي .

« ئانا ، مەن بىر مۇساپىرمەن ، شەھەرگە يېڭىلا كەلدىم . رەسىم ـ قائىدىلەرنى بىلمەيمەن ھەم ھېچكىمنى تونۇمايمەن » دەپتۇ شاھزادە .

موماي شاھزادىنى ئۆيىگە چۈشۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تائام بېرىپتۇ . مومايىنىڭ بىر موزدۇز ئوغلى بار ئىكەن ، ئۇ شاھزادە بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشۇپتۇ . شاھزادە ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن بېرىپتۇ ـ دە ، « بۇنىڭغا گۆش ۋە ئارپا ـ سامان ئالغىن » دەپتۇ . شاھزادە شۇ يوسۇندا ئۈچ كۈن تۇرۇپتۇ . تۆتىنچى كۈنى « ئاكا ! چىقىپ شەھەرنى سەيلە قىلايلى » دەپتۇ ۋە ئىككىيلەن بىللە تاشقىرى چىقىپ ، چار سۇغا بېرىپتۇ . ئۇلار سەيلە قىلىپ يۈرسە تۇيۇقسىزدىن بىر غوۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ . قارىسا ، جاللاتلار چىرايلىق ، كېلىشكەن بىر يىگىتنى ئەكىلىپ بېشىنى كېسىپ ، كېسىلگەن باشنى نەيزە ئۇچىغا ئىلىپ ئاشىقلار مۇنارىسىغا ئاپىرىپ ئېسىپ قويۇپتۇ .

« ئاكا ، بۇ يىگىت نېمە گۇناھ قىپتۇ ؟ » دەپ سوراپتۇ شاھ كابۇل .

« ئۇكام ، — دەپتۇ موزدۇز ، — مەندىن بۇ ئىشنى سورىما . »

« ماڭا بۇ سىرنى ئېچىپ سۆزلەپ بەرگىن ، نېمە سەۋەبتىن بۇنداق بولدى ؟ »

« ھەي ئۇكام ، — دەپتۇ موزدۇز نائىلاج ، — بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بار ، ئەگەر ھەر كىم ئۇنىڭغا

كابۇلغا قاراپتۇ :

« ھەي يىگىت ! راستىڭنى ئېيتقىن ، ـ دەپتۇ مەلىكە ، ـــ پادىشاھ زادىمۇ سەن ، ياكى ئەمىر زادىمۇ سەن ، ۋە ياكى بەگزادىمۇ ، بايزادىمۇ سەن ؟ »

« مەن كابۇل پادىشاھىنىڭ شاھزادىسىمەن ، مېنىڭ ئېتىم شاھ كابۇل » دەپتۇ شاھزادە .

« ھەي شاھزادە ، ـــ دەپتۇ مەلىكە ، ـــ بۇ خام تەمەدىن يانغىن ، مۇبادا كەم خەجلىكتىن بۇ يەرگە كەلگەن بولساڭ ، مەن پۇل ـ مال بېرەي ، سودىگەرچىلىك بىلەن ئوقەت قىلغىن . مېنىڭ قولۇمدا بىكار ئۆلۈپ كەتمىگىن ، بۇ باشلارنى كۆرگىن . مېنىڭ قولۇمدا 550 كىشىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولغان . »

بۇنى ئاڭلاپ شاھ كابۇل بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ :

كىشى جانانىدىن جاننى ئايارمۇ ؟
كۆرۈك پەرۋانىنى ئوتتىن يانارمۇ ؟

« ھەي مەلىكە ! نېمىشقا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىسەن ؟ مېنى ئاشۇلارنىڭ قاتارىدا كۆرۈۋاتامسەن ؟ مەيلى مەن ئۆلسەم ئاللاتائاللانىڭ ئىنايىتىدىن دەپ بىلىمەن . »

« ئىشىق دەۋاسىنى قىلىپ ، بۇ يولغا قەدەم قويۇپسەن شاھزادە ، ئەمسە شەرتلىرىم شۇكى : ئاۋۋال بىرنەچچە سوئال سورايمەن ، جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك ، بىرىنچى سوئالىم شۇكى : نەدىسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ مەلىكە .

« يەردە مەن » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە .

« قانداق يەردىسەن ؟ »

« كۆڭلۈك ئىچىدىمەن . »

« ئاتاڭ كىم ؟ »

ئولتۇرغانىكەن.

«نىمە ئۇچۇن يىغلايسىز ئانا؟» دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

«نىمىشقا يىغلىماي بالام، بۇ بىرەھىم ئىشەكنىڭ بالىسى قانچىلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى بۈگۈنكى ناغرىنى سەن چېلىپسەن ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ موماي.

«راست. مەن چالدىم، — دەپتۇ شاھ كابۇل، — يىغلىماڭ ئانا، دۇئا بىلەن بولۇڭ. ئىنشائاللا ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىمەن ۋە مۇرادىمغا يېتىمەن.»

شاھ كابۇل شۇنداق دەپ مومايىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ئۆيدىن چىقىپ مۇنار تۈۋىگە بېرىپ، كۈمۈش كۇرسىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

«ھەي ئوغلۇم قايسى گۈلشەننىڭ بۇلبۇلىسەن، قايسى دىيارنىڭ شاھزادىسىسەن؟» دەپ سوراپتۇ خاقانى چىن ئۇنىڭدىن.

«كابۇل پادىشاھىنىڭ ئوغلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھ كابۇل.

«كابۇل خەلقى شەھەردىن چىقىرىۋەتكەن سىنىڭ ئاتاڭمىدى؟»

«شۇنداق.»

«ئوغلۇم، — دەپتۇ خاقانى چىن، — بۇ تەگلىكتىن ياكى قولى قىسقىلىقتىن كەلگەن بولساڭ بۇياققا ئۆت، بىر مۇنچە ئالتۇن — كۈمۈش بېرەي. ئۇنى ئېلىپ يانغىن، بىكارغا قىزىمىنىڭ قولىدا زايا بولۇپ كەتمىگىن.»

«بۇ مەردنىڭ ئىشى ئەمەس» دەپ قوبۇل قىلماپتۇ شاھزادە. بىر پەستىن كېيىن مەلىكە بىرنەچچە پەرىزاتنەك كېنىزەكلىرى بىلەن كېلىپ، ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرۇپ شاھ

« ھەي مەلىكە ! مەندىن بىرنەچچە سوئال سورىدىڭ ، ھەممىسىگە جاۋاب بەردىم . ئەمدى مەنمۇ سەندىن بىر سوئال سوراي . »

« سورىغىن » دەپتۇ مەلىكە .

« بىر يولدا كېتىۋاتاتتىم ، ئۈچ ئۆلۈم ئۇچرىدى . بىرىنچى ئۆلۈمنى ئۆلتۈردۈم ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام ئىككىنچى ئۆلۈم ئۇچرىدى . ئۇنى زىندانغا سالدىم . يەنە بىرنەچچە قەدەم يۈرگەندىم ، ئۈچىنچى ئۆلۈم ئۇچرىدى . ئۇنىڭغا مەن غالىب كەلدىم . بۇ نېمە ؟ » دەپ سوراپتۇ شاھ كابۇل .

مەلىكە بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كەپتۇ . شۇڭا يىغىلىشنى توختىتىپ ، ئوردىسىغا قايتىپتۇ . پۈتۈن شەھەر خەلقى خۇشال بولۇشۇپ « بۇ شاھزادىگە خۇدايىتائاللا رەھمى قىلدى . ئەمدى مەلىكىنى مۇشۇ شاھزادىگە بەرسە ئەجەب ئەمەس » دېيىشىپتۇ . شاھزادە ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە موزدۇزغا بىر قىزىل ئالتۇن بېرىپ « ماۋۇلارنى ئۇششاقلاپ گۆش ۋە شاراب ئېلىپ كەلگىن ، مەن كېچىچە كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى ساڭا بىلدۈرەي » دەپتۇ . موزدۇز دەرھال گۆش ۋە شارابنى كەلتۈرۈپتۇ . كۈن كەچ كىرگەندە ئىككىيلەن شاراب ئىچىپ بىر - بىرىگە كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرغانىكەن ، شۇ ئەسنادا بىر كىم كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ . موزدۇز چىقىپ قارىسا بىر قارا كىيىم كىيگەن ئايال ئىشىكتە تۇرغانىكەن .

« كىم سەن ، نېمە قىلىپ يۈرسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ موزدۇز .

« ھەي يىگىت ! مەلىكە بىلەن مۇنازىرە قىلغان شاھزادە مۇشۇ يەردىمۇ ؟ » دەپ سوراپتۇ ئايال .

« مۇشۇ يەردە » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موزدۇز .

« ياخشى سورىدىڭ ! ــ دەپتۇ شاھزادە ، ــ ئاتام يەر ، ئانام بۇلۇت ، لېكىن بىر كىشىنىڭ ئوغلىمەن . ئۇ مېنى كۆرىدۇ ، مەن ئۇنى كۆرمەيمەن . »

بۇ جاۋابلارنى ئاڭلىغان مەلىكە سوئال سوراشنى توختىتىپ يېغلىشنى تارقىتىپتۇ ۋە « بىزنىڭ مۇنازىرىمىز ئەتە بولسۇن » دەپ ئوردىسىغا قايتىپ كېتىپتۇ .

ئەتىسى يەنە مۇنار تۈۋىگە يىغىلىپتۇ . ھەرقايسىسى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ . مەلىكە سوئال سوراپتۇ :

« بىر نەرسە بار ئىدى ، ئاۋۋال تىرىك ئىدى ، سۇ ئىچتى ئۆلدى ، يەنە تائام يېدى ، ئۇ نېمە ؟ »

« ھەزرىتى موسانىڭ ھاسىسى ، ئاۋۋال سەنۇبەر دەرىخى ئىدى ، سۇ ئىچتى كېسىلدى . ئۇ دەرەخ ھاسا بولدى ، ئەجدىھا بولۇپ ، پىرئەۋىننىڭ سېھرىگەرلىرىنى يۇتتى » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە .

« بىر دەرەخ بار ، 12 شېخى بار ، ھەر شېخىدا 30 يوپۇرمىقى بار ، ھەر بىر يوپۇرمىقىنىڭ بىر يۈزى ئاق ، بىر يۈزى قارا ، ھەر يوپۇرمىقىدا بەش مېۋە پىشىدۇ . ئىككى مېۋە ئاق يۈزىدە ، ئۈچ مېۋە قارا يۈزىدە . بۇقايسى دەرەخ ؟ » دەپ سوراپتۇ مەلىكە .

« بۇ دەرەخ بىر يىلنىڭ مىسالىدۇر ، ئۇنىڭ 12 شېخى 12 ئايدۇر ، ھەر شېخىدىكى 30 يوپۇرمىقى ھەر ئايدىكى 30 كۈندۇر ، ئۇنىڭ قارا يۈزى كېچە ، ئاق يۈزى كۈندۈزدۇر ، ھەر يوپۇرماقتىكى بەش مېۋە بەش ۋاخ ناماز ، ناماز پېشىن بىلەن نامازدىگەرنى كۈندۈزى ئوقۇيدۇ ، ناماز بامدات ، ناماز شام ۋە خۇپتەننى كېچىسى ئوقۇيدۇ » دەپ جاۋا بېرىپتۇ شاھ كابۇل .

مەلىكە يەنە بىر سوئال سورىماقچى بوپتۇ . شۇندا شاھ كابۇل شۇنداق دەپتۇ :

ماچىن شەھىرىگە ئەلچىلىككە بارىمىز دەپ مېنى ئۇلار ئۆزلىرىگە باشلىق قىلدى. تويۇقسىز يولدا بوران چىقىپ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتتۇق، مەكتۇپقا «بۇ بارغانلارنى ئۆلتۈرگىن» دەپ يېزىلغانىكەن، مەرزۇق پەرەڭنىڭ بۇ خېتىنى يىرتىپ قۇدۇققا تاشلىدىم. ئۇچىنچى ئۆلۈم شۇ ئىدىكى، مەلىكىگە غالىب كېلىپ ئۇنى يەڭدىم.»

مەلىكە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شاھزادىنىڭ قوينىغا كىرىپتۇ. بىر ئاز ناز قىلغان بولۇپ - دە، تاشقىرىغا چىقماقچى بولۇپتۇ. شاھزادە قويماپتۇ. مەلىكە «بۇنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلسام بولار» دەپ غەمگە پېتىپتۇ.

«سەل كۆڭلۈم ئاينىۋاتىدۇ. تاشقىرى چىقىپ كىرەي، ئاندىن كېيىن ساڭا قاراي. كىيىم - كېچەكلىرىم مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن» دەپتۇ مەلىكە. شاھ كابۇل موزدۇزغا «سەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ چىققىن» دەپتۇ. مەلىكە تاشقىرى چىقىپتۇ. قارىسا موزدۇز كېلىۋاتقانىكەن.

«سەن ئەر كىشى، مەن ئايال كىشى، مەندىن يىراق تۇرغىن» دەپتۇ مەلىكە. موزدۇز ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇپتۇ. مەلىكە قىيپالىڭاچ ھالدا ئوردىسىغا قېچىپ كېتىپتۇ. موزدۇز ئۇنى قوغلاپ تۇتالماپتۇ. ئاخىر نائىلاج كىرىپ شاھزادىگە خەۋەر قىپتۇ. شاھزادە پۇشايمان قىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇ «مەلىكە مۇشۇنداق ياسىنىپ كەلگەنىكەن - دە. ئەمدى بۇ سۆزلەرنى مەندىن ئاڭلىۋېلىپ ئەتە جاۋابىنى بېرىدۇ، خاتا قىلىپ ئۇنىڭغا سىرىمنى پاش قىلىپ قويۇپتىمەن. بۇ ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتىمەن» دەپ نادامەت قىلغان بولسىمۇ نۇرنىغا كەلمەپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا مەلىكە ھەممىدىن بۇرۇن مۇنارنىڭ تۈۋىگە ھازىر بولۇپ ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرۇپتۇ.

« كىرىپ مەلىكىنىڭ ئاچىسىنىڭ قىزى كەپتۇ دېگىن »
دەپتۇ ئۇ ئايال.
موزدۇز كىرىپ شاھزادىگە خەۋەر قىپتۇ. شاھزادە مەيىنىڭ تەسىرىدىن خۇش كەيىپ بولغانىكەن، شۇڭا « ھەركىم بولسا كىرسۇن. ئەگەر مەلىكە بولماي تۇغقىنى بولسىمۇ شاراب ئىچىمىز » دەپتۇ. مەلىكە بەخىرامان كىرىپ شاھزادىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادە مەلىكىگە بىرنەچچە پىيالە شاراب ئىچكۈزۈپتۇ. مەلىكە تەزىم بىلەن ئىچىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى تونۇماي ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ قىزى دەپ ئويلاپ، مەستلىك بىلەن ئۇنىڭغا قول ئۇزىتىپتۇ. « سەۋر قىلغىن شاھزادە » دەپتۇ مەلىكە. ئاخىر بولماپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى تىزىغا ئاپتۇ. مەلىكە ھەرقانچە تەستەكلەپ باققان بولسىمۇ قويماپتۇ ۋە ئۇنى سۆيۈشكە باشلاپتۇ. شاھزادە ئۇنى يوتقانىنىڭ ئۈستىگە ئاپتۇ. مەلىكە قانداق قۇتۇلارمەن دەپ غەمدە قاپتۇ.
« ھەي نازىنىن، — دەپتۇ شاھزادە، — كىيىمىڭنى يېشىپ قوينۇمغا كىرگىن. بىر - بىرىمىزدىن دىل خۇشلۇقى ھاسىل قىلايلى.»
« كىچە سورىغان سوئاللىرىڭنىڭ مەنىسىنى ئېيتمىساڭ كىيىمىمنى يەشمەيمەن » دەپتۇ مەلىكە. شاھزادە نائىلاج شۇنداق دەپتۇ.
« ھەي نازىنىن! ئاتا - ئانام بىلەن يولدا كېتىۋاتقاندۇق. ئاچلىقتىن ھالىمىز قىينىلاشتى، شىكار قىلماقچى بولدۇم، ئېتىمنى قويۇۋەتتىم، بىر كېيىكنى ئۆلتۈردۇم، يەنە بىرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا بىر شىر كېلىپ ئېتىمنى يەپتۇ. ماڭىمۇ ھەملە قىلغانىدى. مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم. بىرىنچى ئۆلۈم شۇ ئىدى. ئىككىنچى ئۆلۈم شۇ ئىدىكى، مەن بىرنەچچە يىگىت بىلەن يولدا ھەمراھ بولدۇم، چىن

بولسۇن . سەن رازىلىق بەرسەڭ ، مەنمۇ رازىمەن » دەپتۇ خاقانى چىن .

مەسلىھەت مۇشۇ شاھزادىگە مەركەزلىشىپتۇ ، خاقانى چىن « شەھەرنى جابدۇڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئون كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشىلار قىلىپ ، مەلىكىنى شاھ كابۇلغا نىكاھ قىپتۇ . ئۇ كېچە ئۆتۈپتۇ . ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ھامماملغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن يېنىپ خاقانى چىن قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىپتۇ . خاقانى چىن ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ :

« ھەممە ئىشلىرىڭ ياخشى ئىكەن شاھزادە ، لېكىن سەندە بىر نالايىق ئىش سادىر بولدى . تېخى ئاخشاملا ساڭا قىزىمنى بەرسەم ، تاڭ ئېتىش بىلەنلا قېشىمغا كېلىپ قاراپ تۇرغىنىڭ نېمىسى ؟ »

شاھ كابۇل يىغلاپ تاشلاپتۇ .

« نېمىشقا يىغلايسەن ئوغلۇم ! بۇ ئېيتقىنىم ساڭا ماقۇل كەلمىدىمۇ » دەپتۇ خاقانى چىن .

« ئۇنداق ئەمەس ئاتا ، ئېيتقانلىرى توغرا . ئەمما زۆرۈرىيەتتىن بۇ بىئەدەپلىك ئۆتۈپ قالدى » دەپ شاھ كابۇل بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ :

مېنىڭ كۆڭلۈمدەدۇر دەردىم ، تىلىم كۆيگۈسى ئېيتماققا ،
ماجال يوق ھەم ۋۇجۇدۇمدا ، ئۇنى پىنھانە تۇتماققا .
جۇدالىق دەردىدىن بىر زەررە نامۇس قالمىدى مەندە ،
كۆرەرمەنمۇ ئاتا ـ ئانامنى جېنىم بار چاغدا بۇ تەندە .
خۇداۋەندەم مېنى يەتكۈزدى بۇ دۆلەتكە ئەي دوستلار ،
قېنى دوستلار سۆيۈنسە ئەمدى ،غەمكىن بولسا دۇشمەنلەر .
ئىچىپ مەي شاد بولۇپ ئەيلەي دېسەم ئەيش ـ پاراغەتنى ،

« كىچە سوئال سورىغانىدىڭ ، يەنە سورا ، جاۋابىنى ئاڭلا ! » دەپتۇ مەلىكە .

« ھەي مەلىكە ، — دەپتۇ شاھ كابۇل ، سەندە شۇنداق ئۆتكۈر زېھنى ۋە ئەقىل - ئىدراك باركى ، ھەرقانداق مۇشكۇل سوئالغا ئاسانلا جاۋاب بېرەلەيسەن ، كەلگىن ماڭا رەھىم قىلغىن ، مەقسىتىمگە يەتكۈزگىن ، ئاخىرى بىر كىشىنى قوبۇل قىلىسەنغۇ . بۇگۈنمۇ ئاتاڭنىڭ ۋە پۈتۈن ئەلنىڭ قېشىدا يەنە بىر سوئال سورايمەن ، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك . »

« سورىغىن » دەپتۇ مەلىكە .

« مەن شىكارغا چىققانىدىم ، بىر قۇشنى قولۇمغا كەلتۈردۈم ، تۇتۇپ قانات - قۇيرۇقىنى يۇلدۇم . ئۇنى كاۋاپ قىلىپ دەرھال ئاغزىمغا سالاي دەپ تۇرسام ، ئۇچۇپ كەتتى . ئەمما ئۇنىڭ قانات - قۇيرۇقى قولۇمدا قالدى . بۇ سوئالىمنىڭ جاۋابى نېمە ؟ تېز ئېيتقىن مەلىكە » دەپتۇ شاھزادە .

مەلىكە ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ . « ئاتامنىڭ ۋە بۇ خالايىقنىڭ قېشىدا ئاخشام بېرىپ قوينۇڭغا كىرگەنىدىم ، قېچىپ چىقتىم ، كىيىم — كېچەكلىرىم سېنىڭ قولۇڭدا قالدى ، دەپ قانداقمۇ ئېيتالايمەن ؟ » دەپ ئويلاپتۇ مەلىكە . مەلىكە ئاخىر ئارقىسىغا قاراپتۇ-ۋە شۇنداق دەپتۇ :

« ئاتا ! ئاخىر مېنى بىر كىشىگە بېرىسەن ، ئەگەر ئەرگە بېرىدىغان بولساڭ مۇشۇ شاھزادىگە بەرگىن . ئەقىللىق ۋە دانا ئىكەنلىكى سوئال - جاۋابلىرىدىن ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ باشقا شاھزادىلەرنى ئۆلتۈرۈشتىكى غەرىزىم ، ئۆزۈمگە تەڭ كېلىدىغان قاۋۇل ۋە ئەقىللىق شاھزادە ئۇچرىسا قوبۇل قىلسام دېگەنىدىم ، ئەمدى مەقسىتىم ھاسىل بولدى ئاتا . »

« ئەمدى ئىختىيار سەندە . قىزىم ، سېنىڭ خاھىشىڭدا

دېگەن خەۋەر يېتىپتۇ. پادىشاھ كۆپتىن - كۆپ خىجىل بولۇپ، ئۆزرە - مەزۇرلەرنى قىلىپ شاھانە لىباسلارنى تەييارلاپ، بىرنەچچە ئادەملەرنى ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىقىرىپتۇ. شاھ كابۇلنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھ كابۇل ئاتا - ئانىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقىغا بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ يەمەن پادىشاھى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانىكەن، يەمەن پادىشاھى: «ئاۋۋال ئاتا - ئاناڭ بىلەن كۆرۈشكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن كۆرۈشكىن» دەپتۇ. شاھ كابۇل ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەمەن پادىشاھى ئۇلارغا 30 مىڭ لەشكەر ھەمراھ قىلىپ بېرىپتۇ. لەشكەرلەر كابۇل شەھىرىگە بېرىپ شەھەرنىڭ ئەتراپىنى قورشاپتۇ. بۇلاردىن كېيىن بولغان پادىشاھلارمۇ خەلققە كۆپ جەبر - زۇلۇم قىلغانىكەن. پۇقرالار ئىتتىپاقلىشىپ ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، بۇلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىپتۇ. پادىشاھى خېلى قېرىپ قالغانىكەن، شۇڭا شاھ كابۇلنى تەختكە چىقىرىپتۇ. شاھ كابۇل خەلققە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ مەملىكەت باشقۇرۇپ كۆپ ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

بۇ غەمنىڭ لەشكىرىدىن تاپمىدىم بىر خالىي پۇرسەتنى .

« ئوغلۇم قانداق غېمىڭ بولسا ماڭا ئېيتقىن . ئەگەر قولدىن كەلسە ئىلاجىنى قىلىمەن » دەپتۇ خاقانى چىن ۋە بۇ بېيتنى ئوقۇپتۇ :

قانچە غېمىڭ بولسا ئىزھار قىل ماڭا ،
ھەر نە مۇشكۇلدە مەدەتكارمەن ساڭا .

« ئەي پادىشاھى ئالەم ! — دەپتۇ شاھ كابۇل ، — ئاتام بىلەن ئانام كىشى قولىدا قۇل بولۇپ تۇرسا ، مەن بۇ يەردە قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇراي ؟ »

« بۇ ۋەقەنى بايان قىلغىن ، ماڭا روشەن بولسۇن ! » دەپتۇ خاقانى چىن .

شاھ كابۇل ، كابۇل شەھىرىدىن چىقىپ يەمەن دىيارىغا بارغىنىنى ، ئاتا - ئانىسىنى يەمەن پادىشاھىغا ساتقانلىقىنى ئېيتىپ خۇددى باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار - زار يىغلاپتۇ . شۇندا خاقانى چىن :

« ئوغلۇم ! سېنىڭ ماڭا پەرزەنت بولغانلىقىڭدىن خۇشالمەن . مەن سەندىن رازى ، بارغىن ، ئاتا - ئاناڭنى ئىزدەپ تاپ » دەپ رۇخسەت قىپتۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن خاقانى چىن ئۇنىڭغا 30 مىڭ يىگىت ، 60 مىڭ ئالتۇن ئىنئام قىپتۇ ؛ مەلىكىنىمۇ قوشۇپ يولغا سېپتۇ . شاھ كابۇل مەلىكىنى ئېلىپ چىن دىيارىدىن چىقىپتۇ ۋە نەچچە زامان يول يۈرۈپ ، يەمەن شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ . شۇندا يەمەن پادىشاھىغا « كابۇل شاھزادىسى چىن مەلىكىسىنى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ ۋە يەنە نەچچە مىڭ ئادەم ھەمراھ بولۇپ كەپتۇ »

« يارەنلەر، مېنىڭ بالام تېخى ياش، سەپەرگە چىقىپ باقمىغان. سىلەردىن قاتتىق ئىلتىماسىم شۇكى، بۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى مېنىڭ بالام سىلەرنىڭ بالاڭلار. ئەگەر ئەقىلسىزلىقتىن بىرەر يارىماس ئىش قىلىپ قويسا، ئەلۋەتتە سىلەر يول قويماسلىقىڭلار كېرەك » دەپ، ھەممىسى بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

پەررۇخ بەخت كارۋانلار بىلەن بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ. شۇندا پەررۇخ بەخت كارۋانلارغا:

« كېلىڭلار سودىگەرلەر! مۇشۇ يەرگە چۈشەيلى، ئەجەب ھاۋاسى ياخشى جاي ئىكەن. خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ دەم ئېلىپ، ئاش - پاش ئېتىپ يەپ، ئاندىن ماڭايلى » دەپتۇ. سودىگەرلەر ئارىسىدا بىر چوڭ سودىگەر بار ئىكەن، ئۇ شۇنداق دەپتۇ:

« بالام، بۇ يەر چۈشىدىغان يەر ئەمەس. سەن تېخى ياش، سەپەر جاپاسىنى كۆرمىگەنسەن. بۇ ئورمانلىقنىڭ ئىگىسى بار. بۇ ئورمانلىق بىر قەلئەگە يېقىن. ئۇ يەردە ئاززۇق ئاتلىق بىر قاراقچى بار، ئۇنىڭ بىر نەچچە ھەمراھى بار. نەچچە يىلدىن بېرى ئۇلار قاراۋۇل قويۇپ قويغان. ھەربىر كارۋان بۇ يەرگە كەلسە ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. مۇبادا ئۇ ھارامزادە كېلىپ قېلىپ، بىر خاپىلىق پەيدا قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغا سەن سەۋەبچى بولۇپ قالمىغىن يەنە. »

« ۋاي، ئاكىلار! سىلەر قېتىقنى شىشىگە قويۇپ قويۇپ تېشىدىن يالايدىكەنسىلەر. ئەگەر سىلەر چۈشمىسەڭلار مەن ئۆزۈم يالغۇز چۈشىمەن » دەپتۇ پەررۇخ بەخت ۋە ئۆزى شۇ جايغا چۈشۈپتۇ. پەررۇخ بەختنى كۆرۈپ بىر قىسىم كارۋانلارمۇ

# پەرروخ بەختنىڭ ھېكايىسى

قوستەنتىن شەھىرىدە ناھايىتى مالدار بىر خوجايىن بولۇپ، ئۇنىڭ پەرروخ بەخت ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. پەرروخ بەخت چوڭ بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، بۇزۇقچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز شارابخانىدىن چىقمايدىكەن، قىمار ئوينايدىكەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ پۇل - مېلىنى كۈندىن - كۈنگە كۆپلەپ ئىسراپ قىلىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئاتىسى پەرروخ بەختكە: «ئوغلۇم! ئەمدى سەن مېنىڭ نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلاپ، قۇلىقىڭدا مەھكەم ساقلا! ئۆزۈڭنى بۇنداق ناپاك ئىشلاردىن تارتقىن. ئالتۇن - كۈمۈش دېگەن ھەمىشە تېپىلىپ تۇرۇۋەرمەيدۇ. ئۆمۈر دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. مۇبادا، مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلۇپ قالسا، موھتاجلىققا ۋە جاپاغا قالمىساڭ ئىدى!» دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پەرروخ بەخت: «پۇل - مېلىڭنى مەندىن ئاياۋاتامسەن ئاتا، سەندىن كېيىن قالسامۇ ماڭا قالىدۇ، نېمىنى خالىسام شۇنى قىلىمەن!» دەپتۇ.

ئاتىسى ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ قىلچە كار قىلمىغانلىقىنى بىلىپ، «بۇنىڭغا نېمە چارە قىلىش كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە «بۇنىڭغا سودىگەرچىلىك جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ بېرىپ سودىگەرلەرگە قوشۇپ، ئۇزاق شەھەرگە ئەۋەتىۋېتىپ قۇتۇلاي» دەپ جەزم قىلىپتۇ. ئالتە تۆگىگە قىممەت باھالىق رەختلەرنى، بىرنەچچە خېچىرغا جاۋاھىرلارنى يۈكلەپ ئوغلىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ كارۋانلارغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە:

پەرروخ بەخت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۈمىدىنى ئۈزۈپ كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ مېڭىپ بىر ناۋايخانا ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. پەرروخ بەخت ئاچ ئىكەن. ئۇ، ناۋاينىڭ دۇكىنىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ناۋاي ئۇستا كېلىپ قارىسا، بىر كېلىشكەن يىگىت ئولتۇرغان. ناۋاي زېرەك كىشى ئىكەن، ئۇ ئەقىل - پاراسەت بىلەن «بۇ بىر ئېسىلزادە ئىكەن. يۇقىرى جايدىن پەرۋاز قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. پۇل - ماللىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرغان ئوخشايدۇ ھەم يول ئازابىدىن قورسىقى ئاچ قالغاندۇر» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا نان ۋە قوغۇن كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ناۋاي ئۇستا پەرروخ بەختتىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. پەرروخ بەخت ئۆتكەن ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇستىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ - دە، «جېنىم بالام، مەن سېنى بالا قىلىۋالاي، غېرىبلىقىڭ ۋە سونۇقلۇقۇڭغا رەھمىم كەلدى. بۇ دۇكان ماڭا تەئەللۇق، ئەگەر سەن مېنى ئاتام دېسەڭ، مەن سېنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچىكىڭدىن خەۋەر ئالىمەن» دەپتۇ.

«خوپ بولىدۇ!» دەپتۇ پەرروخ بەخت.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ كۈنگىچە شۇ دۇكاندا ئولتۇرۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى: «قاچانغىچە بۇ ناۋاي ئۇستامغا تەلمۈرۈپ ئۆتەرمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە، شەھەرگە كىرىپ تىلەمچىلىك قىلىپ بولسىمۇ كۈن ئۆتكۈزەي» دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە. شۇ نىيەت بىلەن ئۇ دۇكاندىن تاشقىرىغا چىقىپ، مېڭىپ - مېڭىپ بىر كوچىغا كىرىپتۇ ۋە بىر ئىشىككە يېقىن كېلىپ گادايلىق تەمەسى بىلەن ئۈنلۈك تىلەپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن بىر نازىنىن قىز بېشىنى چىقارغانىكەن، پەرروخ بەخت كۆرۈپ، كۆڭلىگە ئۇ نازىنىن قىزنىڭ ئىشقى ئورناپتۇ - دە، قاتتىق ئاھ تارتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ.

چۈشۈپتۇ . قاراقچىلارنىڭ قاراۋۇلى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ ، بېرىپ ئارزۇق هارامزادىگە :

« هەي ئالەم پەهلىۋانى ، كارۋان كېلىپ ئورمانلىققا چۈشتى » دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ .

شۇ سائەتتە ئارزۇق هارامزادە قول ئاستىدىكى هەممە ئادەملىرىنى ئېلىپ ئاتلىنىپتۇ ـ دە ، يېرىم كېچىدە پەررۇخ بەختنىڭ چۈشكۈنىگە يېتىپ كېلىپ ، كارۋانلارنىڭ هەممىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ . پەررۇخ بەخت ئۆزىنى ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇۋېلىپ ، ئامان قاپتۇ . ئەمما مال ۋە باشقا جابدۇقلارنىڭ هەممىسىنى قاراقچىلار ئېلىپ كېتىپتۇ . تاڭ ئاتقاندا پەررۇخ بەخت ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن قانغا مىلەنگەن تون ۋە دوپپىلىرىنى تېپىپ كىيىپتۇ ، كارۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن پىيادە قوغلاپ مېڭىپتۇ ، لېكىن ئۇلارغا يېتەلمەپتۇ . شۇ ماڭغانچە يول يۈرۈپ ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، باغدات شەهرىگە يېتىپ بېرىپتۇ . شەهەر ئىچىگە كىرىپتۇ ، ئەمما غېرىبلىقتا سەرسان بولۇپ ، نەگە بېرىشنى بىلمەپتۇ . ئاخىر : « كارۋان سارايغا بېرىپ ، سودىگەرلەرنى تېپىپ ، ئۇلاردىن بەش ـ ئون ئالتۇن ئالاي ، ئۇلار ئاتامدىن ئېلىۋالسا بولىدىغۇ » دەپ ئويلاپتۇ .

كارۋانلار يىراقتىنلا پەررۇخ بەختنى كۆرۈپ بىر ـ بىرىگە ئىشارەت قىلىشىپ : «بۇ هارامزادە مال ۋە جابدۇقلىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ . تايىنلىق بىزدىن بىر نەرسە سورايدۇ . بۇ پالاكەت باسقان هارامزادىنىڭ پالاكىتى يۇقۇپ ، بىزنىمۇ هالاك قىلمىسىدى » دېيىشكىلى تۇرۇپتۇ . شۇ چاغدا پەررۇخ بەخت يېتىپ كەپتۇ .

« بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرمەي هالىڭ شۇ بولدىمۇ ! » دېيىشىپتۇ ئۇلار .

بالا قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ .

قازى ئۆز ـ ئۆزىگە : « بۇ دۇنيانىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقان كىشى ئاخىرەت غېمىنىمۇ قىلماق كېرەك ، كەل بۇ غېرىبنى ئۆيۈمگە ئېلىپ بار . تېۋىپ ئەكېلىپ ئۇنىڭغا تەربىيەت قىلغىن » دەپتۇ ـ دە ، قۇللىرىغا بۇيرۇپ ، پەررۇخ بەختنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ ، تېۋىپ چاقىرتىپتۇ .

« بۇ غېرىبنىڭ تومۇرىنى ياخشى تۇتۇپ كۆرگىن ، كۆڭلۈگە نېمە كەلسە شۇنى ئېيتقىن ، دەرھال ھازىر قىلىمەن » دەپتۇ قازى تېۋىپقا .

تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى ھەرقانچە تۇتۇپ باققان بولسىمۇ ، ھېچقانداق كېسەللىكنىڭ ئەسىرىنى سېزەلمەپتۇ . ئاخىر « ئاشىقلىق كېسىلىنىڭ ئەسرى سېزىلىۋاتىدۇ ، ــ دەپتۇ تېۋىپ قازىغا ، ــ سىرىنى خۇدا بىلىدۇ ، لېكىن بۇ يىگىت بىر گۈزەل قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ . »

« قانداق قىلسام بۇ يىگىت كۆڭلىدىكى سىرىنى ئېيتىدۇ ؟ » دەپ سوراپتۇ قازى .

« ئەگەر سىرىنى بىلەي دېسىڭىز ، ــ دەپتۇ تېۋىپ ، ــ بىر كوزا شاراب كەلتۈرۈڭ ، شۇ چاغدا سىرىنى ئاشكارا قىلىدۇ . »

قازى دەرھال شاراب كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇش تەييارلاپتۇ . پەررۇخ بەختكە بىر كاسىسا شاراب تۇتقانىكەن ، ئۇ ئىچكەن زامان نالە بىلەن يىغلاشقا باشلاپتۇ .

« كەل ئوغلۇم ، راستىڭنى ئېيت ، كىمگە ئاشىقسەن ، قايسى پەرىزاتقا مۇپتىلاسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ قازى .

« مەن بىر كۈنى بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم ، ــ دەپتۇ پەررۇخ بەخت ، ــ بىر ھويلىدىن بىر قىز چىقتى ، ئۇنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولدۇم . »

قىز يېقىن كېلىپ قارىسا، يۈزى ئاپئاپئاق نۇرانە، قامتى سەرۋىدەك كېلىشكەن بىر يىگىت. قىز ئۆيىگە كىرىپ بەش نان ۋە ئىككى تەڭگە پۇل ئاچىقىپ پەررۇخ بەختنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. پەررۇخ بەخت ھوشىغا كېلىپ قارىسا قىز كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ پۇل ۋە نانني ئېلىپ ناۋاينىڭ دۇكىنىغا بېرىپتۇ ۋە ناۋايدىن سوراپتۇ:

«ئاتا! پالانى مەھەللىدە مۇنداق ـ مۇنداق نىشانى بار بىر ھويلا كۆردۈم ھەم ئۇ ھويلىدا پەرى چىراي بىر قىزنى كۆردۈم. ئۇ كىمنىڭ قىزى؟»

«ۋاي بىچارە، — دەپتۇ ناۋاي ئۇستا، — ۋەزىر مۇشۇ يۇرتتىن، كونا قەدىم ـ جايىغا يېنىپ كەلگەن. ئۇ ھويلا ۋەزىرنىڭ ھويلىسى، ئۇ ساھىبجامال ۋەزىرنىڭ قىزى، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالمايدۇ.»

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەررۇخ بەخت ئاھ تارتىپ ئۆزىدىن كېتىپتۇ ۋە شۇ ھالدا بىر كېچە ئۆتۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندا پەررۇخ بەخت ئىشق دەردىدە كۆپ رەنج ـ ئەلەم تارتىپ، ئۇ قىزنىڭ مەھەللىسىگە يەنە بېرىپتۇ ۋە بىر تامنىڭ تۈۋىدە يېتىپتۇ. ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە تاسادىپەن ئۇ شەھەرنىڭ قازىسى بىر قۇل بالىنى ئەگەشتۈرۈپ بېغىغا كېتىپ بارسا، قۇلىقىغا بىر دەردلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ـ دە، قۇل بالىغا:

«قېشىغا بېرىپ ئۇ غېرىبتىن: ھەي بۇرادەر، قايسى يۇرتتىن بولىسىز، كىمنىڭ ئوغلىسىز، نېمە دەردكە مۇپتىلا بولۇپ قالدىڭىز، بۇ شەھەر ئىچىدە يار ـ بۇرادەرلىرىڭىز يوقمۇ دەپ سورىغىن» دەپتۇ.

قۇل بالا بېرىپ قازى تىلىدىن سوئال سوراپتۇ. پەررۇخ بەخت ھېچقانداق جاۋاب بەرمەپتۇ. «جاۋاب بەرمىدى» دەپتۇ قۇل

كىرسەڭ ئۆيۈمنى سوراۋەرگىن. شۇ تەرىقىدە ئىزدەپ مېنىڭ ئۆيۈمنى تاپقىن - دە. مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئۇچراشقان چېغىڭدا، سىياسەت بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. سۆزلىگىنىڭدە سەن، سەن دەپ ھۆرمەتسىزلىك بىلەن گەپ قىلغىن. قالغان ئىشنى ئۆزۈم بىلىپ قىلىمەن.»

شۇنىڭ بىلەن پەررۇخ بەخت شەھەردىن چىقىپ تاڭ قاراڭغۇسىدا بىر پەرسەڭ يول يۈرۈپتۇ. ئاندىن تېز قايتىپ شەھەرگە كىرىپ دەرۋازىۋەندىن قازىنىڭ ئۆيى قايسى دەپ سوراۋېرىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئالدىراشلىق بىلەن قازىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قازى تاشقىرىغا چىقىپ قارىسا پەررۇخ بەخت تۇرغانىكەن. ئالدىراپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ئۇزەڭگىسىنى سۆيۈپتۇ ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆيىگە چۈشۈرۈپتۇ، ئۆزى ئۇنىڭ خىزمىتىدە قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

«ھالىڭ قانداق؟» دەپ سوراپتۇ پەررۇخ بەخت.

«ئەلھەمدۇلىللا» دەپتۇ قازى.

شەھەر خەلقى بۇ ئادەمنىڭ قازىنى سەنلەپ سۆزلەپ شەھەر ھاكىمىنى بىھۆرمەتلىك بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «بۇ ئادەم كىمدۇر» دېيىشىپ تۇرۇشۇپتۇ. شۇ ئەسنادا پەررۇخ بەخت بېشىدىن بىر خەت ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى بۇ خەتنى كۆرۈپ «مىننەتدارمىز، مىننەتدارمىز بۇ نىشانىگە ھەر نېمە دەپ يازغان بولسا ھەممىسنى قوبۇل قىلدۇق» دەپ تەزىم قىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن:

«شەھەر ئەھلى، ئاگاھ بولۇڭلاركى بۇ كىشى بىزنىڭ شاھزادىمىز بولىدۇ، بۇ، شاھ ماھيارنىڭ ئوغلى» دەپتۇ قازى. دەرھال ۋەزىرگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر دەرھال يېتىپ كەپتۇ، قازى ۋەزىرگە مەكتۇپنى بېرىپتۇ. مەكتۇپقا مۇنداق دەپ

« بالام، بىلدىڭمۇ، ئۇ كىمنىڭ قىزى ئىكەن؟ »

« ۋەزىرنىڭ قىزىمىش. »

« ئۇنداق بولسا بۇنىڭ يولى ئاسان، — دەپتۇ قازى. — ئەمما نېمە ئۈچۈن بۇنداق جاپانى ئىختىيار قىلىپ قالدىڭ؟ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان بولساڭ، نېمىشقا ئۇنى ماڭا تېزرەك ئېيتمىدىڭ؟ ھېلىھەم خۇدا خالىسا سېنى بۇ مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمەن. بالام ئاۋۋال ساقايغىن. ۋەزىرنىڭ قىزىنى ئالماق ئاسان. »

پەررۇخ بەخت خۇشاللىقىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ-دە، قازىغا تەزىم قىپتۇ. ئەسلىدە ۋەزىر بىلەن قازىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئىكەن. قازى مۇشۇ چارە بىلەن ۋەزىردىن ئۆچ ئالماقچى بولۇپتۇ.

« ھەي پەررۇخ بەخت، — دەپتۇ قازى، — ساڭا بىر نەچچە تەلىم بېرىمەن. قولىڭدا مەھكەم تۇت، سۆزۈمگە قۇلاق سال. مەن نېمە دېسەم شۇنى قوبۇل قىلغىن. »

ئۇ، پەررۇخ بەخت بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ، ئىشىكنى مەھكەم تاقاپتۇ. قازى دۇۋەت، قەلەمنى قولىغا ئاپتۇ-دە، شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ماھيار شاھ تىلىدىن بىر مەكتۇپ يېزىپتۇ. شاھ ماھيار شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن. مەكتۇپقا شاھ ماھيارنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپتۇ. پەررۇخ بەختكە تۆت خىل شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. بېلىگە ساغداق باغلىتىپ توپچاق ئاتقا مىندۈرۈپتۇ، مەكتۇپنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ، سەھەر ۋاقتىدا شەھەردىن چىقىرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

« جېنىم بالام! تەييار بولغىن، ھەرگىز غەپلەتتە قالما. شۇنداق تېزلىك بىلەن ماڭغىنكى، ئېتىڭنىڭ ھەر بىر تال موييدىن قەترە-قەترە سۇ تامسۇن. شۇ يوسۇندا شەھەرگە كىرىپ دەرۋازىۋەندىن قازىنىڭ ئۆيى قايسى دەپ سورىغىن، قايسى كوچىغا

پەيتتە قىز زوق - شوخ بىلەن ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ پەرروخ بەختىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. قارىسا ئورۇن - كۆرپە ئۈستىدە بىر ئوغرى ياتقان. ياخشى دىققەت قىلىپ قاراپ ئۇنىڭغا ھەيران قاپتۇ:

«ھەي يىگىت بۇ نېمە ھال؟» دەپ سوراپتۇ قىز.

«قازى ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى» دەپتۇ پەرروخ بەخت.

«سىزگە ئەمەس، بەلكى بىزگە» دەپتۇ قىز ۋە بېرىپ ۋەقەنى ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ. ۋەزىر بۇ نەيرەڭنىڭ قازى تەرىپىدىن سادىر بولغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. ئۇ دەرھال بىر بوغچا سەرپايىلارنى كەلتۈرۈپ پەرروخ بەختكە كىيدۈرۈپتۇ ۋە «ئەمدى بېرىڭ ئوغلۇم. دوستلار شاد بولسۇن، دۈشمەنلەر غەمكىن بولسۇن، ھەرقاچان كەلسىڭىز قىز سىزنىڭكى، ئەرلەرگە كەلمەك بار، ئايالLارغا ئولتۇرماق» دەپتۇ. پەرروخ بەخت مىڭ ئەندىشە - غەم بىلەن ئاتلىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىرنىڭ قىزى «قازى بۇ ئىشنى ماڭا قىلدى. ئەمدى مەنمۇ قازىغا شۇنداق بىر ئىش قىلايكى، تا قىيامەتكىچە قىزلار ئۇنى يېزىپ ئوقۇيدىغان بولسۇن» دەپ ئويلاپ ئۆزىنى مەست تاۋۇستەك چىرايلىق جابدۇپ ئۆيىدىن چىقىپتۇ. قازى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، قارىسا ھەر بىر قەدىمىدە يۈز ناز جىلۋىلىنىپ تۇرغان بىر نازىنىن قىز كېتىۋېتىپتۇ، ئۇنى كۆرگەن قازى ئۇنىڭغا جان - دىلى بىلەن ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. قىز قازىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ بىر بۇرجەكتە ئولتۇرۇپتۇ، قازى ئۇ گۈزەلنىڭ بىر بۇلۇڭدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى يالغۇز قىزنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. قىز قازىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام قىپتۇ.

«ھەي گۈزەل قىز، كىمنىڭ قىزىسىز؟» دەپ سوراپتۇ قازى.

يىزىلغانىكەن :

« ئەي ۋەزىر ئاگاھ بولغىنكى ، ئىپپەت پەردىسى ئىچىدە بىر قىزنىڭ بارمىش ؛ مېنىڭ پەرزەنتىم غايىبانە ئۇنىڭ سۆيىتىنى ئاڭلاپ ئاشىق بولۇپتۇ . شۇ قىزىڭنى مېنىڭ پەرزەنتىمگە بەرگەيسەن . ئەگەر بۇ سۆزگە خىلاپلىق قىلساڭ غەزىپىمگە گىرىپتار بولىسەن . »

ۋەزىر قوبۇل قىپتۇ ۋە دەرھال توي قىلىپ قىزىنى پەرروخ بەختكە بېرىپتۇ . ئۇ كېچە ئۆتۈپتۇ .

قازىنىڭ زېرەك ئىسىملىك بىر قۇلى بار ئىكەن . قازى ئۇنى قىچقىرىپتۇ ۋە بۇيرۇپتۇ : « ھەي زېرەك ، پەرروخ بەختنىڭ ئىلگىرىكى دوپپىسىنى ۋە تونىنى كەلتۈرگىن . »

« غوجام ، — دەپتۇ زېرەك ، — ئۇ بىچارىنى ئاسمانغا چىقىرىپ يەرگە ئۇرۇۋاتىسىز . ئۇنىڭدا نېمە قەستىڭىز بار ئىدى ، بۇ ئىشىڭىز قىلچىمۇ ياخشى ئەمەس . »

« سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار . مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلغىن » دەپتۇ قازى ۋە بىر چىرايلىق بوغچىغا ئۇ قانلىق كىيىملەرنى يۆگەپ زېرەككە بېرىپتۇ ۋە :

« بۇنى ئېلىپ بېرىپ پەرروخ بەختكە قازى ساڭا بۇ سەرپايلارنى ئەۋەتتى دېگىن » دەپتۇ .

زېرەك بوغچىنى ئېلىپ بېرىپ پەرروخ بەختكە بېرىپتۇ . پەرروخ بەخت « قازى ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلدى » دەپ خۇشال بولۇپ دۇئالار قىپتۇ . زېرەك پەرروخ بەختنىڭ يەشكەن سەرپايلىرىنى بىر بوغچىغا يۆگەپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ . پەرروخ بەخت سارايدىن چىقىپ ئۇ ئەكەلگەن سەرپايلارنى كىيمەكچى بولۇپتۇ ۋە بوغچىنى ئېچىپ قانلىق لىباسنى كۆرۈپ ، بىر ئاھ تارتىپتۇ - دە ، خىيال دەرياسىغا چۆمۈپتۇ ، ھەر ئىلاج تاپالماي ، ئاخىر قانلىق تونىنى ۋە دوپپىسىنى كىيىپ ئولتۇرۇپتۇ . دەل شۇ

قويۇپتۇ. ئۇستا بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ ـ دە:
« تەقسىر بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىڭ، ئاخىر پۇشايمان قىلىسىز، پايدا بەرمەيدۇ! » دەپتۇ.
« ئۇستام، مەن پۇشايمان قىلمايمەن، — دەپتۇ قازى، — ھەرقانداق بولسا مەن قوبۇل قىلدىم، ھەرنېمە دېسىڭىزمۇ مانا ئالدىڭىزدا تۇرۇۋېتىمەن. »
ئۇستا بىرنەچچە قېتىم رەت قىلغان بولسىمۇ قازى ئۇنىماپتۇ، ئاخىر ئۇستا بىر تاۋاق ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.
« ھەي پىنىدەك كىمنىڭ ئۆيىنى تەشتىڭ. قايسى سارايىنى بۇلىدىڭ؟ » دەپ سوراپتۇ خوتۇن.
« ھېچ جايىنى بۇلىغىنىم يوق، — دەپتۇ ئۇستا، — ئەمما بۇ ئالتۇن قىزىڭىزنىڭ قالىنى، قىزىڭىنى قازى سوراۋاتىدۇ، بۇ ئالتۇننى قىزىڭ ئۈچۈن ئەۋەتتى. »
خوتۇن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ « تۆت ئەيىپى بىلەنمۇ قىزىمنى ئەر ئالىدىكەن ـ ھە! » دەپ ھەيران قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ توي جابدۇقلىرى تەييارلىنىپتۇ، قوۋم ـ قېرىنداشلارغا خەۋەر بېرىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خالايىقلار پەخىرلىنىپ « مانا رەختى بولمىسىمۇ بەختى بار ئىكەن » دېيىشىپتۇ. قازى چوڭ توي قىلىپ ياغچى ئۇستىنىڭ قىزىنى تۆت ئەيىبى بىلەن ئاپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كەپتۇ. قازى زوق ـ شوخ بىلەن قىزنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىپتۇ. لېكىن قىز گەپ قىلماپتۇ، قازى بىرنەچچە بېيىتلەرنى ئوقۇپتۇ، ئەمما قىز ھېچ جاۋاب بەرمەپتۇ. قازى « ئەمدى قانداق قىلاي، بۇ ھالنى كىمگە ئېيتاي، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دەپ ئويلاپتۇ ۋە يەنە، — ھەي گۈزەل قىز، نېمە بولدى؟ بىزدىن

« مەن ئۇستا ئالاۋىدىن ياغچىنىڭ قىزىمەن . ھەر كىم مېنى سوراپ ئەلچىلىككە كەلسە ئاتام مېنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن كىشىگە بەرمەيدۇ . تېخى كىشلەرگە مېنىڭ قىزىمنىڭ كۆزى قارىغۇ ، بېشى تاز ، پۇتى توكۇر ، بۇرنى پۇچۇق ، دەپ قايتۇرۇۋېتىدۇ » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز .

« ھەي گۈزەل قىز ، — دەپتۇ قازى ، — ھەرقانچە ئەيىبلىرىڭىز بولسىمۇ مەن شۇ ئەيىبلىرىڭىز بىلەن قوبۇل قىلدىم . »

« ھەي تەقسىر ، بۇ پەردە ئىچىدە ئولتۇرغاندا كۆرگەن بىلەن بولمايدۇ » دەپتۇ قىز ۋە يۈزىدىن پەرەنجىسىنى كۆتۈرۈپتۇ . قازىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشكەندىن كېيىن ئىشقى تېخىمۇ زىيادە بوپتۇ . قازى دەرھال خىزمەتكارىنى ئۇستا ئالاۋىدىن ياغچىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ . ئالاۋىدىن ياغچى « مەن قازىغا قەرزدار ئىدىم ، قازى شۇ پۇلنى سوراۋاتىدۇ » دەپ ئويلاپ ، خىزمەتكار بىلەن قازىنىڭ قېشىغا كەپتۇ . قازى ئالدىغا چىقىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ ۋە :

« ئۇستام مەن سىزنىڭ بىر قىزىڭىز بارلىقىنى ئاڭلىدىم ، مېنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلسىڭىز » دەپتۇ .

« تەقسىر ، — دەپتۇ ئۇستا ، — مېنىڭ قىزىمنى كىشىگە بەرگىلى بولمايدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ شەرئەتتە تۆت ئەيىبى بار ، ئۇنى ھېچ كىشى ئالمايدۇ ۋە قوبۇل قىلمايدۇ . »

قازى كۆڭلىدە « قىز راست ئېيتىپتىكەن ، ھەر نىمە بولسا مەن ئۇنى قوبۇل قىلدىم » دەپ ئويلاپتۇ . ئۇستا بولسا « ئەگەر قوبۇل قىلمىسام يەنە قىزىمنى ئۇنىڭغا بەرمىسەم پۇلى ئۈچۈن مېنى تەگلىككە سالارمىكىن » دەپ ئويلاپ گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇپتۇ . قازى سۆيۈنگەنلىكتىن « ئالتۇن ئەكېلىڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ . خىزمەتكار دەرھال بىر تاۋاق ئالتۇننى ياغچى ئۇستىنىڭ ئالدىغا

پەرروخ بەختنىڭ قىسسەسىگە .

پەرروخ بەخت يولدا كېتىۋېرىپتۇ ، تاسادىپەن شاھ ماھيار شىكارغا چىققانىكەن ، پەرروخ بەخت بىر كىشىدىن سوراپتۇ :

« بۇلار كىم بولىدۇ ؟ »

« بۇ زات مۇشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى ماھيار شاھ دېگەن شۇ » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى ، پەرروخ بەخت دەرھال كېلىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىپتۇ .

« ھەي يىگىت ، نېمە ئادەمسەن ؟ قەيەرلىكسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ شاھ ماھيار .

« مېنىڭ سۆزۈم ئۇزاق » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەرروخ بەخت .

« بايان قىلغىن ! » دەپ بۇيرۇپتۇ شاھ ماھيار .

پەرروخ بەخت بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىپتۇ . پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ ، « بالام » دەپ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . شاھانە لىباسلارنى كىيدۈرۈپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر بىلەن قازى تۇرغان يۇرتقا بېرىپتۇ . شاھ ماھيار ھاكىم مەھكىمىسىگە ، پەرروخ بەخت ئۆز ئۆيىگە چۈشۈپتۇ . پەرروخ بەختنىڭ خوتۇنى قازىغا قىلغان ھىيلىسىنى ئۇنىڭغا بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ . پەرروخ بەخت خوتۇنىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ .

پادىشاھ قازىغا سىياسەت قىلىپ :

« ھەي قازى ! پەرروخ بەخت توغرىسىدا نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭ ؟ مېنىڭ پەرزەنتىم قىلىپ ئۇنى ئاسمانغا چىقىرىپ يەنە نېمىشقا ئاسماندىن يەرگە تاشلىدىڭ ؟ ھەي قازى ! بۇ ئىشنى پەرروخ بەختكە قىلماپسەن ، بەلكى ماڭا قىپسەن . بۇ ئىشلار پادىشاھقا يېتىپ قالار دەپ ئەندىشە قىلمىدىڭمۇ ؟ » دەپ

رەنجىپ قالدىڭىزمۇ ؟ بىزگە ھېچ سۆزلىمەيسىزغۇ ! » دەپتۇ، كەينىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە « مەن ئالدىراپ كېتىپ، چىق گەپ قىلىۋەتتىم، بۇ خىجىل بولغان ئوخشايدۇ . ئاۋۋال يات ئىدى، ئەمدى ئۆزۈمنىڭكى بولدى، ئالدىرىماي كۆنۈپ قالدۇ » دەپ بىردەم ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئاندىن كېيىن :

« ھەي قىز ، ساڭا خۇدايىتائاللا مەرھەمەت قىلسۇن، سېنىڭ شەرم ـ ھاياىڭغا بارىكاللا » دەپ قازى قول سېلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى ئاچقانىكەن، غەلىتە بىر سۇرەت ۋە ئاجايىپ بىر چىراي ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بوپتۇ .

« كىمسەن ؟ » دەپتۇ قورقۇپ كەتكەن قازى . ئۇستىنىڭ قىزى گەپ قىلماپتۇ . قازى « تۇر ئورنۇڭدىن » دېگەنىكەن، قىز ھەرقانچە قىلسىمۇ ئورنىدىن تۇرالماپتۇ . قازى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ بىر ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپتۇ ۋە :

« ھەي زېرەك ، مەن سېنى ئازاد قىلدىم ، ياغچى ئۇستىغا بېرىپ ئېيتقىن ، قىزىنى ئېلىپ كەتسۇن ، ماڭا كېرەك ئەمەس ، ھەرقانچە پۇل ـ مال بەرگەن بولسام ھەممىسىنى ئۆزىگە سەدىقە قىلدىم » دەپتۇ . زېرەك بېرىپ ئۇستا ئالاۋىدىن ياغچىغا قازىنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپتۇ .

« قىزىمنىڭ ھەققى مېھرىنى بېرىڭ » دەپتۇ ئۇستا قازىنىڭ قېشىغا كېلىپ .

« سېنىڭ گەدىنىڭدە مېنىڭ قانچىلىك پۇلۇم بولغان بولسا ھەممىسىدىن ئۆتتۇم » دەپ قازى خەت قىلىپ بېرىپتۇ . ئۇستا قىزنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ .

ۋەزىرنىڭ قىزى بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ قىلغان ھىيلە ـ مىكرىسىدىن خۇش بولۇپ « قازىغا ئەجەب ياخشى ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتتىم » دەپ كۈلۈۋېتىپتۇ . ئەمدى كەلدۇق

# ئوتۇنچى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھېكايىسى

ھەمەدان شەھىرىدە بىر ئوتۇنچى بار ئىكەن. سەھرادىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ بازاردا سېتىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. ئۇ بىرنەچچە يىل شۇ تەرىقىدە ياشاپتۇ. بىر كۈنى ئوتۇنغا بېرىپتۇ. ئەمما خوتۇنىنىڭ قىلغان جەبىر- زۇلمىنىڭ غېمىدىن خاپا ئىكەن. جاڭگالدىن ئالغان ئوتۇننى يۈدۈپ كېلىۋېتىپ، بىر جايغا كەلگەندە ھېرىپ، ئوتۇننى يەردە قويۇپ، پاكىز سۇدا تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپتۇ. نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، خۇدانىڭ دەرگاھىغا باش قويۇپتۇ. ئۇ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ قارىسا، ھاۋادىن 100 مىڭ خىل نەقىش ۋە رەڭلەر بىلەن بېزەلگەن بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ بوۋاينىڭ ئوتۇنىغا قونۇپ بىر پەس ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، يەنە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بوۋاي قارىسا ئۇ جانىۋار ئوتۇن ئۈستىگە تۇخۇم تۇغۇپ قويغانىكەن، بوۋاي ئۇنى ئېلىپ قوينىغا سېلىپ، بازارغا بېرىپ، ئوتۇننى سېتىپ، بالا - چاقىلىرىغا يېمەك - ئىچمەك سېتىۋاپتۇ ۋە: «بۇ تاشنى باققالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام، باققال تارازا تېشىغا لايىق كۆرۈپ قالسا ماڭا بىرمۇنچە نوقۇت ۋە كۆكتات بېرەر» دەپ ئويلاپ باققالنىڭ قېشىغا كېتىۋاتقاندا، گۆھەر پۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا ئۇچراپ قاپتۇ. قارىسا بۇ دۇكاندا ھەر خىل گۆھەرلەردىن ئېسىلراق بولغان مۇشۇ رەڭلىك تاشلارنى ئەينەك قۇتىغا سېلىپ قويۇپتۇ. بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ بىر قۇتىغا بىر قوينىغا قاراشقا باشلاپتۇ.

قازىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. پەرروخ بەخت پادىشاھتىن قازىنىڭ گۇناھىنى تىلەپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

«ھەي پادىشاھى ئالەم! قازى شۇنداق بىر ئۆلۈمگە ئۇچراپتۇكى بۇنداق ئۆلۈم ھېچكىمگە ئۇچرىغان ئەمەس.»

«ئېيتقىن بالام» دەپتۇ پادىشاھ.

پەرروخ بەخت خوتۇنىنىڭ قىلغان ھىيلىلىرىنى، ئۇستا ئالاۋىدىننىڭ قىزىنى قازىغا ئېلىپ بەرگەنلىكىنى، قازى خام تەمالىق بىلەن تومشۇقىغا يېگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇ قىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ناھايىتى زوقلىنىپتۇ ۋە «ئۇستىنىڭ قىزىنى كەلتۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ.

«ھەي پادىشاھ، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كەلتۈرگىن» دەپتۇ قازى.

«ئۆز خوتۇنۇڭدىن نومۇس قىلامسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەمدى ئىككى ئىشتىن بىرىنى ئىختىيار قىلغىن، يا ئۆلۈمنى، يا ئۇستىنىڭ قىزىنى تاللا.»

قازى قىزنى ئىختىيار قىپتۇ. شۇئان ئۇستىنىڭ قىزىنى ئەكېلىپ قازىغا قايتىدىن نىكاھ قىپتۇ.

«ئۇنى مېنىڭ ئالدىمدا سۆيگىن، يەنە ئۇستىنىڭ قىزىنىڭ ئۈستىگە باشقا خوتۇن ئالمايمەن دەپ قەسەم ئىچكىن» دەپتۇ پادىشاھ. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىرنىڭ قىزىنى يىگىتباشتىن توي - تاماشا قىلىپ پەرروخ بەختكە نىكاھ قىپتۇ ۋە ئۇ شەھەرنىڭ ھاكىملىقىنى پەرروخ بەختكە بېرىپتۇ.

قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەن .

« 1000 تەڭگە بېرەيمۇ ؟ » دەپتۇ خوجايىن .

«چاقچاق قىلماڭ » دەپتۇ بوۋاي .

« 5000 تەڭگە بېرەي » دەپتۇ يەنە خوجايىن .

« دەسلەپ 1000 تەڭگە بېرەي دەيسىز ، ئەمدى 5000 تەڭگە بېرەي دەيسىز ، نېمانچە چاقچاق قىلىسىز » دەپتۇ بوۋاي .

« قېنى تاغا ! ماڭا سېتىڭ ، 10 مىڭ تەڭگە بېرەي » دەپتۇ يەنە خوجايىن . بوۋاي ئويلاپ « بىر قېتىم ساتتىم دەي ، ئالسىمۇ مەيلى ، ئالمىسىمۇ مەيلى ئۆزى بىلەر » دەپتۇ ـ دە ، « ساتتىم » دەۋېتىپتۇ . گۆھەرپۇرۇش « 10 مىڭ تەڭگىگە ئالدىم » دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ . پۇل ھەم بوغچىلارنى كېنىزەكلىرىدىن بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ . بوۋاي خۇشال بولۇپ ، ئۇلارنى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ :

« بۇ نېمە ؟ » دەپ سوراپتۇ خوتۇنى . « خۇدانىڭ بىزگە قىلغان ئاتاسى بۇ ، ــ دەپتۇ بوۋاي ، ــ بىزنىڭ نالە ـ زارىمىز خۇدايىتائاللانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغان ئوخشايدۇ ، خوتۇن . تۈنۈگۈن مەن كەلتۈرگەن تاشنى كۆرگەنتىڭغۇ ، ئاشۇ تاش گۆھەر ئىكەن . بۈگۈن يەنە ئاشۇ يەرگە بارىمەن ، ئاشۇ قۇشنى كۆرۈپ قالسام ، ئۇنى تىرىك تۇتۇپ ئۆيدە ساقلايمەن . »

« بارغىن » دەپتۇ خوتۇنى .

بوۋاي يەنە ئوتۇنغا بېرىپتۇ . ئوتۇننى ئەكېلىپ ھېلىقى جايدا قويۇپتۇ . قارىسا ھېلىقى جانىۋار يەنە كېلىپ ، بوۋاينىڭ ئوتۇنىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپتۇ . بوۋاي ئاستا بېرىپ ئۇ قۇشقا چاپىنىنى يېپىۋاپتۇ . ئۇنى تۇتۇپ ، پۇتلىرىنى مەھكەم باغلاپ كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ . ئۇ جانىۋار سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ توخۇسى ئىكەن . ئۇ جانىۋارنىڭ خاسىيىتى شۇ

خوجايىننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ، خىزمەتكارنى بۇيرۇپتۇ:

«ماڭ بوۋاينى قوغلىۋەت! سېھرى بىلەن گۆھەرلەرنى ئېلىۋالمىسۇن يەنە.»

خىزمەتكار ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋاينىڭ بېشىغا ئۇرۇپتۇ.

«مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ سەندىكى تۇخۇم تاش مەندىمۇ بار. مېنىڭ تۇخۇم تېشىم بەلكى سېنىڭكىدىن ياخشىراق» دەپتۇ بوۋاي.

گۆھەرپۇرۇش كۈلۈپتۇ:

«يەنە ئۇر ئۇنى، بۇ ساراڭ ئىكەن، بۇنداق گۆھەر پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىمۇ يوق، بۇ بوۋاي ئۇنى تۇخۇم تاش دەيدۇيا - تېخى.» شۇنداق دەپ بولۇپ گۆھەر پۇرۇش يەنە ئويلاپ قاپتۇ - دە:

«گۆھىرىڭ بولسا چىقارغىن كۆرەيلى» دەپتۇ.

بوۋاي قوينىدىن گۆھەرنى چىقىرىپتۇ، قارىسا ئۇنىڭ گۆھىرىنىڭ شولىسىدىن پۈتۈن بازار چاقناپ كېتىپتۇ. بوۋاي گۆھەرنى گۆھەرپۇرۇشنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. گۆھەرپۇرۇش قارىسا ئۆزىنىڭ گۆھەرلىرىدىن 100 ھەسسە ئارتۇق گۆھەر ئىكەن. دەرھال دۇكىنىنى يىغىپ بوۋاينى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى شاھانە زىياپەت بىلەن كۈتۈپتۇ. غىزادىن كېيىن دۇئا قىلىشىپتۇ. گۆھەرپۇرۇش كېنىزەكلىرىگە سەرپا كەلتۈرۈڭلار دەپ بۇيرۇپتۇ، دەرھال ئىككى بوغچا سەرپا ئەكېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

«تاشنىڭ باھاسىنى ئېيتىڭ» دەپتۇ گۆھەرپۇرۇش.

«ھەي خوجايىن! مېنى خىجىل قىلماڭ، ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي، ئۇ گۆھەرنى تونۇماي تاش تۇخۇم دېگەنىكەن ۋە ساددىلىقتىن بۇ خوجايىن ماڭا چاقچاق

كىتابىدا: «سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىدە مۇشۇ سۈرەتلىك توخۇ بار» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگەنىكەن. بۇ جانىۋارنىڭ ئىككى خاسىيىتى بار ئىكەن: بىرى، كىم بۇ جانىۋارنىڭ بېشىنى يېسە پادىشاھ بولىدىكەن، ئىككىنچىسى، كىم قانىتىنى يېسە ئۈچ مۆجىزىلىك نەرسە نېسىپ بولىدىكەن. ئۇ مۇشۇ تەمە بىلەن ئۇ خوتۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قارىسا سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ توخۇسى كاتەكتە ياتقانىكەن.

«ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم، — دەپتۇ جوھۇت گۆھەرپۇرۇش ۋە خوتۇنغا قاراپ، — ئەگەر ماڭا ئاشىق بولساڭ، مەن نېمە دېسەم شۇنى قوبۇل قىلغىن، ھەرقانداق مۇراد — مەقسىتىڭ بولسا ھاسىل قىلىمەن. ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تەگكۈزمەيمەن» دەپتۇ.

«ۋاي جېنىم! ۋاي جاھانىم، ئەگەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئالساڭ ھەر نېمە دېسەڭ قوبۇل قىلىمەن» دەپتۇ خوتۇن.

«ئۇنداق بولسا بۇ توخۇنى ئۆلتۈرۈپ قازانغا سالغىن» دەپتۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن جوھۇت. كەم ئەقىل خوتۇن ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، كېنىزەككە «بۇ توخۇنى بوغۇزلاپ، يۇڭىنى يۇلۇپ قازانغا سېلىپ پىشۇرغىن» دەپ بۇيرۇپتۇ.

«مەن ياتاي، پىشقاندىن كېيىن ئويغىتىپ قويۇڭلار!» دەپتۇ جوھۇت.

«كېنىزەكلەر توخۇنى پىشۇرۇپ ئۇلتۇرغانىكەن، ئوغۇللار كېلىپ «بۇ قازاندا نېمە پىشۇرۇۋاتىسەن» دەپ سوراپتۇ. كېنىزەك توخۇنى پىشۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئوغۇللار قازاننىڭ تۈۋىنى كۆتۈرۈپ سۇلايمان توخۇسىنىڭ بېشىنى كىچىكى ئېلىپ يەپتۇ، قانىتىنى چوڭى ئېلىپ يەپتۇ ۋە: «بىزنىڭ نېسىۋىمىز مۇشۇ» دەپتۇ. جوھۇت ئويغانغاندا كېنىزەك قالغان گۆشنى جوھۇتنىڭ

ئىكەنكى، ھەر كۈنى بىر قېتىم گۆھەر تۇغىدىكەن. بوۋاي ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. پات پۇرسەتتە بوۋاي باي بولۇپ كېتىپتۇ، ناھايىتى كۆپ پۇل ۋە مال جۇغلاپتۇ، يەر، سۇ، چاھار باغ، ھويلا ـ ئارام ۋە قۇل ـ چۆرىلەرنى پەيدا قىپتۇ. بوۋاينىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، قۇللار ھەر كۈنى ئۇلارنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە ئاپىرىپ، ئەكېلىدىكەن.

«خوتۇن، ـــ دەپتۇ بوۋاي بىر كۈنى، ـــ مەن مەككىنى زىيارەت قىلىشنى خالاپ قالدىم. بۇ ھەممە مال ـ دۇنيانى ساڭا قويىدۇم. ئەمما خوتۇن، مېنىڭ مۇشۇ قۇشۇمنى ھەرگىز زايا قىلمىغىن، چۈنكى بەخت ـ دۆلەتكە مۇشۇ قۇش سەۋەب بولدى. سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم خوتۇن.»

شۇنىڭ بىلەن بوۋاي يولغا راۋان بوپتۇ. كېچە ـ كۈندۈز تىنماي مېڭىۋېرىپتۇ. ئەمما خوتۇنى ئۇنىڭ كەتكىنىنى غەنىيمەن بىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە «ئەمدى بىر كىمنى تېپىپ نەپسىمنى ئارام ئالدۇراي» دەپ ئويلاپتۇ.

خوتۇن بىر كۈنى ئۆزىنى خۇددى مەست تاۋۇستەك ياساپ ـ جابدۇپ، بېشىغا گۆھەر ۋە ياقۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەن چۈمبەلنى ئارتىپ، ئۆيىدىن چىقىپ، 100 خىل جىلۋە ناز بىلەن بازارغا بېرىپتۇ. قارىسا بىر جوھۇت گۆھەرپۇرۇش ئولتۇرغان، ئۇنىڭ ئالدىدا قۇللار قول باغلاپ تۇرغانىكەن. بۇ ئايال ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. گۆھەرنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغا سېتىپتۇ ۋە: «ھەي گۆھەرپۇرۇش، بۇ گۆھەردىن بىزدە جىق. بىزنىڭ بىر توخۇمىز بار، ئالەمدە ئۇنىڭدەك رەڭدار ۋە نەقىشلىك قۇشتىن ئىككىنچىسى يوق. ئۇ جانىۋار ھەر كۈنى مۇشۇنداق گۆھەر تۇغىدۇ» دەپتۇ. گۆھەر پۇرۇش خوتۇندىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بوپتۇ. ئۇ جوھۇت تەۋراتقا ئىشىنىدىكەن. تەۋرات

بارىسىز ئاكا ؟ »دەپ سوراپتۇ .
« ھەي غوجىلىرىم ، سىلەرنىڭ شۇ ئاناڭلارغا لەنەت . سىلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى » دەپتۇ قۇل . بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئوغۇللار « خۇدايا ، خۇداۋەندە ! بىز بىچارىلەرگە يار بولغىن . ئاجىز ۋە بىچارەبىز » دەپ چۇقىرىشىپ كېتىپتۇ . قۇل ئۇلارنى بىر جايغا ئېلىپ بېرىپ ، ئۇ پاك تەنلەرنىڭ ناھەق قېنىنى تۆكمەكچى بوپتۇ .
« ئاكا ، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن ، ئىنىمنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرمەي » دەپتۇ چوڭى .
قۇل ھەيران قاپتۇ . ئوغۇللار يىغلاپ ناله ـ زار قىلىشىپتۇ .
« ھەي ئاكا ، بىزنى نېمە ئۇچۇن ئۆلتۈرىسەن ؟ بىزنىڭ ئاتىمىزنىڭ ئورنىدا ئاتا ئىدىڭ . ئانىمىزنىڭ ئورنىدا ئانا ئىدىڭ ، دائىم بىزنى پەرۋىش قىلاتتىڭغۇ » دەپ يىغلىشىپتۇ ئۇلار .
قۇلمۇ زار ـ زار يىغلاپتۇ ۋە « غوجىلىرىم قانداق قىلاي ؟ مەنمۇ بىر بىچارىمەن ، ئەگەر سىلەرنى ئۆلتۈرمىسەم ، ئاناڭلار مېنى ئازاد قىلمايدۇ » دەپتۇ . ئۇلار زار ـ زار يىغلاپ « ھەي ئاكا بىزلەرگە رەھىم قىلىڭ ، بىزگە خۇدا رەھىم قىلسۇن » دەپ يالۋۇرۇشۇپتۇ . ئۇلار تېخى شۇ سۆزدە تۇرغاندا بىر نۇرانە چىراي بوۋاي پەيدا بوپتۇ ـ دە ، قۇلغا ۋارقىراپتۇ :
« ھەي قۇل ، قولۇڭنى تارت . مانا مەن يېتىپ كەلدىم . »
قۇل ھەيران قاپتۇ ، قارىسا خىزىر ئەلەيھىسسالام تۇرغىنىكەن .
« ھەي قۇل ، بۇلارنى قويىۋەت ، پالانى يەردە بىر ئىت كۈچۈكلەپتۇ . ئۇنىڭ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، يۈرەكلىرىنى كاۋاپ قىلىپ جوھۇتقا بەرگىن ، بۇ ئىككى غوجىزادىنى قويىۋەتكىن » دەپتۇ خىزىر . قۇل ئىككى بالىنى قويىۋېتىپتۇ . خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ ۋە بىر يولغا ئەكىلىپ « بالىلىرىم

ئالدىغا قويۇپتۇ . قارىسا ئىككى خاسىيەتلىك ئەزاسى كۆرۈنمەپتۇ .
« بېشى بىلەن قانىتىنى نېمە قىلدىڭ ؟ » دەپ سوراپتۇ هەيران بولغان جوهۇت .
ئۇ بەتقىلىق ئەبلەخ خوتۇن كېنىزەك بىچارىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ .
« مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرمەكچى بولىسىز ! غوجاملار مەكتەپتىن كېلىپ بىزگە تاماق تەييارلىمىدىڭمۇ ؟ دېدى . مەن توخۇنى پىشۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم . ئۇلار قازاننىڭ تۈۋىنى كۆتۈرۈپ ، توخۇنىڭ باش تەرىپىنى كىچىكى يېدى ، قانىتىنى چوڭى يېدى » دەپتۇ كېنىزەك . بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جوهۇت ئاچچىقلاپ ، يامانلاپ ئۆيىگە كېتىپتۇ ۋە بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كەلمەپتۇ ، قارا يۈز خوتۇن يەنە جوهۇتنى ئىزدەپ بېرىپتۇ . چۈنكى ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولغانىكەن .
« ئەگەر مەن ساڭا كېرەك بولسام ئىككى ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرۈپ ، يۈرەكلىرىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگىن » دەپتۇ جوهۇت . چۈنكى جوهۇت تەۋرات كىتابىدا « ئەگەر كىشى سۇلايمان توخۇسىنىڭ بېشى بىلەن قانىتىنى يېگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يېسىمۇ شۇ خاسىيەتلەرنى تاپىدۇ » دېگەن سۆزلەرنى كۆرگەنىكەن . ئۇ جوهۇت خوتۇننى بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ . قارا يۈز خوتۇن قوبۇل قىپتۇ .
بوۋاينىڭ بىر قۇلى بار ئىكەن . ئوغۇللارنى ئاشۇ قۇل پەرۋىش قىلىدىكەن . خوتۇنى ئۇنى چاقىرىپ « مەن سېنى ئازاد قىلدىم . دەرھال ئوغۇللىرىمنى ئۆلتۈرگىن ۋە يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ ئەكەلگىن » دەپتۇ . بۇ قۇل ئىككى ئوغۇلنى مەكتەپتىن ئەكېلىپ ،شەھەردىن يىراق يەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ . ئوغۇللار ھەر دەمدە ئۇنىڭ يۈزىگە قاراۋېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن « بىزنى نەگە ئېلىپ

بىلىگە مەھكەم باغلاپ يولغا چۈشۈپتۇ . نەچچە يىللاردىن بېرى ھېچبىر جاندار بۇ يولدىن ئۆتەلمەس بولۇپ قالغانىكەن . شۇ كۈندىن باشلاپ يول ئېچىلىپتۇ . غوجىزادە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ، بىر ئورمانلىقتا يېتىپ بېرىپتۇ . قارىسا ئۈچ كىشى ئۇرۇشۇۋاتقانىكەن . غوجىزادىنى كۆرۈپلا ئۇلار : « ئەمدى ئاشۇ يىگىت كەلسۇن ، بىزنى شۇ ئايرىپ قويسۇن ، شۇ نېمە دېسە شۇنداق قىلايلى » دېيىشىپ تۇرغاندا ، غوجىزادە يېتىپ بېرىپ سوراپتۇ :

« نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر يىگىتلەر ؟ »

« ھەي غوجام سىز بىزگە قازى بولۇڭ ، — دېيىشىپتۇ ئۇلار ، — بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلىڭ ، ئۈچ كۈن بولدى ، ئاتىمىزدىن بۇ ئۈچ نەرسە مىراس قالغانىدى ، ھەرقايسىسىنىڭ بىر خاسىيىتى بار ، بىرىنچى بىر تاج ، چۆرىسىگە ئىسمى ئەزەم پۈتۈلگەن ، ئۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ، تاجنى بېشىغا كىيسە ئۇنى ھېچكىشى كۆرمەيدۇ ، ئۇ ھەممە نەرسىنى كۆرىدۇ ، نېمىنى خالىسا شۇ ھاسىل بولىدۇ . ئىككىنچىسى بىر ھاسا . ئۇنىڭغىمۇ ئىسمى ئەزەم پۈتۈلگەن ، ئۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھاسىنى قولىغا ئالسا ئۇ ئات بولىدۇ ، ئادەم ھەرقانچە يول ماڭسا ھارمايدۇ ، ئەگەر ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى يۇقىرى قىلسا ئاسمانغا يېتىدۇ . ئۈچىنچىسى بىر گىلەم ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ‹ مېنى مەشرىقتىن مەغرىپكە ياكى پالانى ئورمانلىققا يەتكۈزگىن › دېسە بىر سائەتتە يەتكۈزىدۇ ، ‹ يەنە ئۆز مەنزىلىمگە يەتكۈز › دېسە پەرماننى تۇتىدۇ . بۇ ئۈچىمىزنىڭ جېدەل قىلىۋاتقىنىمىزنىڭ سەۋەبى مۇشۇ تاج ، ئۈچىلىمىز شۇنى تالىشىۋاتىمىز . »

« ئۇنداق بولسا ئوقيا كەلتۈرۈڭلار » دەپتۇ غوجىزادە ، ئۇلار دەرھال ئوقيا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ .

سىلەرنى خۇدايىتائاللاغا تاپشۇردۇم » دەپ غايىب بوپتۇ. ئۇلار ئىككى يولنىڭ بېشىغا كەپتۇ. ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئوڭ تەرەپتىكى يولغا مېڭىپتۇ، كىچىكى سول تەرەپتىكى يولغا مېڭىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ چوڭ غوجىزادە كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ بىر تاغنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا بويى خۇددى چىناردەك، ئاغزى غاردەك، چىشلىرى سەندەلدەك، بۇرۇتى ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك، تۈكلىرى پىتلە ـ پىتلە ساڭگىلاپ تۇرغان، كۆزلىرى قان تولۇپ چەكچەيگەن قورقۇنچلۇق زور بىر جانىۋار كېيىكلەرنى قوغلاپ يۈرگەنىكەن. ئۇ جانىۋار بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىۋاتقان، غوجىزادە ئۇ ھايۋاندىن قورقۇپ قېچىپ كېيىكلەر ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قاتارىدا قېچىپ يۈرۈپ بىر غارنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ قاپتۇ. غوجىزادە سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ غارنىڭ ئاغزىغا بىر تاش قويۇلغانىكەن. ئۇ ھايۋان بالدۇر بېرىپ تاشنى كۆچەپ كۆتۈرۈپتۇ ـ دە، بۇغا ۋە كېيىكلەرنى غارغا قاماپتۇ ۋە تاشنى يەنە غارنىڭ ئاغزىغا دۈملەپ قويۇپتۇ. غوجىزادە ھايۋانلار ئارىسىدا مۆكۈنۈپ تۇرسا، ھېلىقى جانىۋار تۇرۇپ ئوت يېقىپ چوغلارنى تەييارلاپ ھايۋانلاردىن بىر نەچچىسىنى زىخقا تارتىپ كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۈپ شاراب ئىچىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى يەرگە قويۇپ توڭگۈزنىڭ ئاۋازىدەك خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. غوجىزادە ئۇنىڭ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال كېيىكلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ ئۇ ھايۋاننىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. قارىسا، بۇ ئالەمدىن خەۋىرى يوق ھالدا ئۇخلاۋاتقانىكەن، ئۇ ھېلىقى زىخنى ئېلىپ ئوتقا سېلىپ، قىپقىزىل چوغدەك قىلىپ قىزىتىپ ئۇ ھايۋاننىڭ كۆكسىگە راسا ئۇرغانىكەن، زىخنىڭ ئۇچى دۈمبىسىدىن چىقىپتۇ ـ دە، ئۇ ھايۋان ئۆلۈپتۇ. غوجىزادە ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن بىر تاسما تىلىۋېلىپ ئۇنى

چىقىرىپ مۇبارەكلىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئەمدى سۆزنى ئۇياقتىن ئاڭلىغايسىز.

چوڭ غوجىزادە ھايۋاندىن تىلىۋالغان تاسمىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، يولغا راۋان بولغانىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن بىر چاھار باغقا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا چاھارباغ ئىچىدە بىر مۇنار بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، ئەمما دوك بىر بوۋاي جىسەكچىلىك قىلىپ قاراپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بوۋاي غوجىزادىنى كۆرۈپ مۇناردىن چۈشۈپ سالام قىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

« ھەي يىگىت خەتەرلىك يوللاردىن قانداق ئۆتتۈڭ؟ بۇ يولدىن ھېچكىم ساق چىقمىغانىدى، پادىشاھلارمۇ لەشكەر بىلەن كېلىپ ھېچ ئىلاج قىلالمىغانىدى. »

« خۇدايىتائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇ ھايۋانىنى ئۆلتۈردۈم. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن بىر تاسما تىلىۋالدىم بوۋا. »

بوۋاي ئۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ: « سەن ئېيتقان نىشانەڭنى كۆرسەتكىنە قېنى؟ » دەپتۇ. غوجىزادە تاسمىسنى بېلىدىن ئېلىپ بوۋايغا بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ غوجىزادىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ چاھار باغقا باشلاپ كىرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

« بالام بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مېنىڭ ئەجىلىم يېقىن قاپتۇ، مېنىڭ ئەجىلىم سېنىڭ كېلىشىڭنى ساقلاپ قالغانلىقىدىن چۈشۈمدە بېشارەت بېرىلگەنىدى، مېنى يۇيۇپ نامىزىمنى چۈشۈرگىن. يەنە ئۈچ ئامانىتىم بار، ئۇ نەرسىلەر ھېلىقى ھايۋانىنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە تەئەللۇق ئىدى. شۇ كىشى مېنىڭ جىنازا نامىزىمنى ئوقۇپ، مېنى دەپنە قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى تاج، ئىككىنچىسى گىلەم، ئۈچىنچىسى ھاسا،

« ئۈچ تەرەپكە ئوق ئاتىمەن ، ھەرقايسىڭلار ئۇنى بالدۇر تېپىپ كەلسەڭلار تاج شۇنىڭ بولسۇن . » ئۇلار قوبۇل قىلىشىپتۇ . غوجىزادە ئوقيانى قولىغا ئېلىپ ئۈچ تەرەپكە ئۈچ ئوق ئېتىپتۇ ، ئۇ ئۈچ كىشى ئوققا يۈگۈرۈپتۇ . غوجىزادە دەرھال تاھارەت ئېلىپ گىلەمنى يەرگە سېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ : « ھەي گىلەم ، مېنى بۇ تاج بىلەن پالاننى ئورمانلىققا يەتكۈزگىن » دەپتۇ . گىلەم ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ بىر ئورمانلىققا يەتكۈزۈپتۇ . ھېلىقى ئۈچ كىشى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بىردىن ئوقنى كۆتۈرۈپ قارىسا ، يىگىتمۇ يوق ، نەرسىلەرمۇ يوق ، ھەيران بولۇپتۇ ـ دە ، ئاتىسىنىڭ مىراسىدىن قۇرۇق قاپتۇ .

ئەمدى سۆزنى بۇياقتىن ئاڭلىغايسىز .

كىچىك غوجىزادە سول تەرەپتىكى يولغا مېڭىۋېرىپ بىر يەرگە بارغاندا بىر شەھەر ئۇچراپتۇ . غوجىزادە يول ئازابىدىن ھېرىپ كەتكەنىكەن . شۇڭا بېشىنى يەرگە قويۇپ بىردەم ئارام ئاپتۇ ۋە كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۆلگەن بولۇپ ئورنىغا پادىشاھ بولغىلى ئوغلى يوق ئىكەن . لېكىن بىر قىزى بار ئىكەن . پادىشاھ ئۆلەر ۋاقتىدا ۋەسىيەت قىلىپ : « مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنىڭ قۇشۇمنى ئۇچۇرۇڭلار . ئۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ ئادەم پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرسۇن ، بۇ قىزىمنى شۇ ئادەمگە بېرىڭلار » دېگەنىكەن . پادىشاھ ئۆلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇشنى ئۇچۇرۇشقان بولسىمۇ قۇش پەرۋاز قىلىپ يۈرۈپ ، ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىغانىكەن . شۇ كۈنى قۇش ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ، ئۇخلاپ ياتقان كىچىك غوجىزادىنى كۆرۈپلا ، كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ . پادىشاھنىڭ ئەمىر ـ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنى ئاپىرىپ پادىشاھلىق تەختىگە

مىنى بۇ مەلىكە بىلەن بىللە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان، بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان، بۇلاقلار ھەر تەرەپكە ئېقىشىپ تۇرغان بىر ئورمانلىققا ئاپارغىن» دەپتۇ. گىلەم مەلىكە بىلەن غوجىزادىنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا پەرۋاز قىپتۇ. قىزلار «ۋاي مەلىكىنى گىلەم ئۇچۇرۇپ كەتتى» دېيىشىپ پەرياد قىلىشىپ، يىغلىشىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىشىپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بارلىق ئەمىرلەر بىلەن ئاتلىنىپتۇ ۋە: «ھەممە جايىنى ئىزدەڭلار. بىرەر جايدىن خەۋەر چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئەمما ھېچ جايدىن خەۋەر چىقماپتۇ.

ئەمدى سۆزنى مەلىكىدىن ئاڭلىماق كېرەك.

گىلەم مەلىكىنى بىر ئورمانلىققا ئاپىرىپتۇ. ئۇ يەر گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان، تەرىپىگە سۆز يەتمىگۈدەك گۈزەل بىر جاي ئىكەن. گىلەم يەرگە چۈشكەن زامان غوجىزادە ئۆزىنى ئاشكارا قىپتۇ. مەلىكە قارىسا گىلەم ئۈستىدە بىر ئاي يۈزلۈك يىگىت ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە بۇ ھالدىن ناھايىتى ھەيران قاپتۇ. غوجىزادە مەلىكىگە ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىپتۇ. ئۇنىڭدىن دىل خۇشلۇقى ھاسىل قىلىشنى سوراپتۇ. مەلىكە غوجىزادە بىلەن ئورمانلىقتا بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپتۇ. غوجىزادە ھەر كۈنى نەچچە خىل جانىۋارلارنى شىكار قىلىپ كەلتۈرۈپ بېرىدىكەن. ئۇلار شۇ يوسۇندا ئوزۇقلىنىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى مەلىكە كۆڭلى پېرىم ۋە خاپا بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. غوجىزادە كەلسە ئۇنىڭدىن گەپمۇ سورىماپتۇ.

«جېنىم! نېمىگە خاپا بولۇپ قالدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ غوجىزادە.

«بۇ گىلەمنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ بەرگىن، مېنىڭ

ھەمىسىگە ئىسمى ئەزەم پۇتۇكلۇك .» بوۋاي بۇ ئۈچ نەرسىنى غوجىزادىدىن سوراپتۇ .

« بۇلارنى قولغا كەلتۇردۇم بوۋا !» دەپتۇ ئۇ .

بوۋاي بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ يەرگە يىقىلىپتۇ ـ دە ، جان ئۈزۈپتۇ . غوجىزادە بوۋاينى يۇيۇپ نامىزىنى ئوقۇپتۇ ۋە دەپنە قىلىپتۇ . ئاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ۋە ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ « ھەي گىلەم پەرمانى ئىلاھى بىلەن مېنى بىر شەھەرگە يەتكۈزگىن ، دۇنيادا ئۇنىڭدىن ياخشى جاي بولمىسۇن » دەپتۇ . گىلەم دەرھال ئۇچۇپتۇ ۋە بىر شەھەرگە بېرىپ چۈشۈپتۇ . غوجىزادە گىلەمنى بېلىگە باغلاپ ھاسىنى قولىغا ئېلىپ تاجنى بېشىغا كىيىپ شەھەر ئىچىگە كىرىپتۇ . ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ ئىكەن . ناۋاينىڭ تەۋىگىدىن نان ، ئاشپەزنىڭ دۇكىنىدىن ئاش ئېلىپ يەپتۇ . ئۇ ھەممە ياقنى كۆرىدىكەن ، ئەمما ئۇنى ھېچكىم كۆرمەيدىكەن . ئۇ بازاردىن چىقىپتۇ . قارىسا دۇنيادا تېخى ھېچبىر كۆز كۆرمىگەن بىر چاھار باغ تۇرغانىكەن . ئۇ چاھارباغ ئىچىگە كىرىپ ، بىر پەس ئارام ئاپتۇ ۋە گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تائام يەپتۇ . ئۇ شۇنداق ئولتۇرسا ، بىر توپ قىزلار كېلىشىپتۇ . ئاندىن كېيىن بىر ئالتۇن يالتىلىغان مەپە كەپتۇ . مەپە ئىچىدە بىر مەلىكە ئولتۇرغانىكەن . ئۇ مەلىكە شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىكەن . چاھار باغ ئاشۇ مەلىكىنىڭ چاھار بېغى ئىكەن . مەلىكە ھەر جۈمە كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ تاماشا قىلىپ كېتىدىكەن . مەلىكە قىزلار بىلەن باغدا سەيلە قىلىپ كۆل بېشىغا كېلىپ قاپتۇ . قارىسا بىر گىلەم سېلىقلىق تۇرغان ، ئەمما غوجىزادىنى كۆرمەپتۇ . « بۇ گىلەمنى كىم سالغاندۇ ؟ بىزنى كۆرۈپ يوشۇرۇنىۋالغان ئوخشايدۇ » دەپ ئويلىغان مەلىكە گىلەمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ . غوجىزادە ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ : « ھەي گىلەم !

يۈرۈپ مەلىكىنىڭ چاھار بىغىغا يېتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇ كۈنى چاھارباغدا ئىكەن، گىلەم كۆل ياقىسىدا سېلىپ قويۇلغانىكەن. غوجىزادە ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ تاجنى بېشىغا كىيىپتۇ ـ دە، گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ «ھەي گىلەم، مېنى پەرمانى ئىلاھى بىلەن ئىنىم بار شەھەرگە ئاپارغىن» دەپتۇ. گىلەم پەرۋاز قىلىپ ئۇ شەھەرگە يەتكۈزۈپتۇ. غوجىزادە بىر پەس ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن تاجىنى كىيىپ شەھەرگە كىرىپ، بازارنى ئايلىنىپ، ناۋاينىڭ تەۋىگىدىن نان، قاسساپنىڭ كانارىسىدىن گۆش ئېلىپ تاشقىرى چىقىپ، بىر باغنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ تائام يەپتۇ ۋە ئۇ كۈنى شۇ باغدا قونۇپتۇ. ئەتىسى سەيلە قىلماقچى بولۇپ، تاشقىرىغا چىقىپ سەيلە قىلىپ يۈرگەنىكەن، تۇيۇقسىزدىن بىر ياقتىن ھەشەمەت بىلەن بىر پادىشاھ كېلىپ قاپتۇ. «ئەجەب سەلتەنەتلىك پادىشاھ ئىكەن» دەپ ئويلاپ يېقىن بېرىپ ياخشى نەزەر سېلىپ قارىسا ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئىكەن. ئەمما پادىشاھ ئۇنى تونۇماپتۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ كۆزىگىمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ. يېقىنراق بېرىپ ئوبدان زەن سېلىپ قارىسا ئۆز ئاكىسى ئىكەن. دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئاكا ـ ئۇكا بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاكىسىنىمۇ ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەرگە ئەكىرىپتۇ ۋە نەچچە كۈن توي ـ تاماشا قىلىشىپ بىر ـ بىرىدىن ھال سورىشىپتۇ.

«ئۇكام! ــ دەپتۇ چوڭى، ــ ئاتا ـ ئانىمىزدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟ ئۇلار نېمە ئەھۋالدىكىن؟»

«ھېچ خەۋەر تاپمىدىم، خۇدا بۇيرىسا ئەمدى خەۋەر ئالساق بولىدۇ» دەپتۇ پادىشاھ.

«ئۇكام، مېنىڭ قولۇمغا بىر گىلەم چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭغا ئىسمى ئەزەم پۈتۈكلۈك، ئۇنى ئوقۇپ گىلەم ئۈستىدە

كۆڭلۈم ئارام ئالسۇن ، — دەپتۇ مەلىكە ، — مەندىن يوشۇرمىغىن ، مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭغۇ ؟ سەن مېنى بويسۇندۇردۇڭ ، مەن سېنىڭ بولدۇم . ئەمدى بۇ سىرنى ماڭا ئىزهار قىلساڭ ، مېنىڭ كۆڭلۈم تىنسۇن ، مۇشۇ ئىشقا خاپا بولۇپ قالدىم . »

« هەي مەلىكە ، ئەگەر بىر كىشى پاكىزە تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ هەي گىلەم مېنى پەرمانى ئىلاھى بىلەن پالانى يەرگە يەتكۈزگىن ، دېسە گىلەم ئۇچۇپ كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە شۇ يەرگە يەتكۈزىدۇ » دەپتۇ غوجىزادە .

مەلىكە خۇشال بوپتۇ . غوجىزادە مەلىكىدىن رۇخسەت ئېلىپ شىكارغا كېتىپتۇ . مەلىكە دەرهال تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپتۇ - دە : « هەي گىلەم ، پەرمانى ئىلاھى بىلەن مېنى چاهارباغىمغا يەتكۈزگىن » دەپتۇ . گىلەم دەرهال ئۇچۇپتۇ ۋە ئۇنى چاهارباغقا يەتكۈزۈپتۇ . باغۋەنلەر كېلىپ پادىشاهقا خەۋەر بېرىپتۇ . پادىشاه بەك خۇشال بولۇپ « شەهەرنى جابدۇڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ . پۈتۈن شەهەر ئەهلى يىغىلىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ هەشەمەت بىلەن شەهەرگە ئېلىپ كىرىشىپتۇ . هەر جۈمە كۈنى چاهارباغقا ئېهتىيات قىلىدىغان بوپتۇ .

ئەمدى سۆزنى بۇياقتىن ئاڭلىماق كېرەك .

غوجىزادە شىكاردىن قايتىپ كېلىپ قارىسا ، مەلىكە گىلەم بىلەن ئۇچۇپ كېتىپتۇ . ئۇ مەلىكىگە سىرنى ئېيتقانلىقىدىن پۇشايمان قىپتۇ . لېكىن پۇشايمان پايدا بەرمەپتۇ . غوجىزادە ئۇ يەردە يالغۇز قالغانلىقىدىن تۇرغۇسى كەلمەي يولغا چىقىپتۇ . يولدا بىر كەڭرى بىپايان دەريا ئۇچراپتۇ . هاسىنى قولىغا ئېلىپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دەرياغا كىرگەنىكەن ، هاسا كۆۋرۈك بولۇپ بېرىپتۇ . ئۇ دەريادىن ئۆتۈۋاپتۇ . شۇ ماڭغانچە بىرنەچچە كۈن يول

« خىجىل بولما ئانا . بىزگە ھەرقانداق ئىش قىلغان بولساڭ ئۇنى بىز خۇدادىن كۆردۇق » دەپتۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ۋە ئانىسىدىن ئانىسىنىڭ گۇناھىنى تىلەپتۇ :

« ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا ! ئانىمىز ھەرنېمە قىلغان بولسا بىز ئۇچۇن ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈڭ » دەپ ئانىسىنى گەپ ـ سۆزدىن خالاس قىپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىلىرىنى ۋە بارلىق مال ـ دۇنيالىرىنى گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئاكا ـ ئۇكىلار يولغا راۋان بوپتۇ ۋە كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆز شەھرىگە يېتىپ ئاتىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ . شەھەرنى تازىلاپ ياساپ ـ جابدۇپ ئۇلار ئۇچۇن چوڭ توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ . ئاتىسى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ .

ئۇلتۇرۇپ ئەگەر مەشرىقتىن مەغرىپكە بارماقنى ئىختىيار قىلسا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە يەتكۈزۈپ قويىدۇ » دەپتۇ ئاكىسى.

پادىشاھ ۋەزىر ۋە ئەمىرلەردىن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ « ھەي گىلەم، بىزنى پەرمانى ئىلاھى بىلەن ئاتا - ئانىمىزنىڭ قېشىغا ئاپارغىن » دېگەنىكەن، گىلەم ئۇچۇپ بېرىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. لېكىن پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا تولا يىغلاپ بوۋاينىڭ كۆزلىرى قارىغۇ بولۇپ قالغانىكەن. چۈنكى خوتۇنى ئۆي ئىچىگە ئىككى قەبرە ياساپ قويغان بولۇپ، بوۋاي ھەجدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇ ئەبلەخ خوتۇن داد - پەرياد قىلىپ يىغلاپ، « بالىلار ئۆلدى، شۇڭا ئۆي ئىچىگە قەبرە قىلىپ كۆمۈپ قويدۇم » دېگەنىكەن. قەبرىلەرنى كۆرگەن بوۋاي تولا يىغلاپ، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانىكەن. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن كىلىپ ئاتا - ئانىلىرىغا تەزىم قىلىشىپتۇ.

« سىلەر كىم بولىسىلەر يىگىتلەر ؟ بىزدەك ئەلەمدە باغرى زېدە بولغان كىشىلەرگە نېمە ھاجىتىڭلار بار ؟ » دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

ئۇلار يىغلىشىپ كېتىپتۇ ۋە « بىز بالىلىرىڭىز » دەپتۇ. بوۋاي قىلچىمۇ ئىشەنمەپتۇ. ئۇلار ھەرقانچە « بىز بالىلىرىڭىز بولىمىز » دېيىشىپ بوۋاينىڭ ئايىغىغا يىقىلغان بولسىمۇ، بوۋاي ئىشەنمەپتۇ. ئىككى ئوغۇل ئاتىسىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ يىغلاۋېرىپتۇ. بوۋاي ئاخىرى ئىشىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللار ئۆتكەن ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئانىسىنىڭ شەرمەندىلىكتىن بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىن چىقىپ بالىلىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالماپتۇ.

دەپتۇ خوجاۋاپا.

«سىز بىلەن بىزنىڭ ئىلاجىمىز يوق، — دەپتۇ قىز، — سىزمۇ موللامنىڭكىگە بېرىڭ، ماڭا مېھرى ئۆگىتىپ قويسۇن دەڭ، مەن خەلپەت بولۇپ ئۆگىتىپ قويىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز مۇرادىمىزغا يېتىمىز.»

شۇنداق دەپلا مېھرى مەكتەپكە كېتىپ قاپتۇ. شۇ كېچە خوجاۋاپا مىڭ تەستە ئۇزۇن كېچىنى تاڭغا ئۇلاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا خوجاۋاپا بىر ئايلىق تەلىم ئېلىش ئۈچۈن موللامنىڭكىگە بېرىپتۇ. داموللىسى خوجاۋاپاغا ئېلىپبەدىن ساۋاق بېرىشنى مېھرىگە تاپشۇرۇپتۇ. مېھرى باشقا باللارغا بىر قېتىم ئۆگەتكۈچە ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۆگىتىدىكەن. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە شۇنداق ئۆگىتىپتۇكى، قىلچە چالا يېرى قالماپتۇ. شۇ كۈنى كەچ بولۇپ مەكتەپتىن ئازاد بولغاندا مېھرى بىلەن خوجاۋاپا بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ «ئەتە سەن بالدۇر كەلسەڭ مېنى سۆيگىن، مەن بالدۇر كەلسەم سېنى سۆيەي» دەپ ۋەدىلىشىپتۇ. ئەتىسى مېھرى مەكتەپكە بالدۇر كەپتۇ. خوجاۋاپا كېيىن كەپتۇ، مېھرى خوجاۋاپانى سۆيۈپتۇ. ھەر كۈنى شۇ تەرىقىدە مەكتەپتە ئوقۇشۇپتۇ.

بىر كۈنى مېھرى مەكتەپكە كەلمەپتۇ. موللام «مېھرى نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە كەلمىدى» دەپ كىشى ئەۋەتكەنىكەن. مېھرىنىڭ ئاتىسى خوجاسەئىد: «ئەمدى قىزىم مەكتەپكە بارمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مەكتەپكە بېرىۋېرىشى ياخشى ئەمەس» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەسلىدە خوجاسەئىد سودىگەرچىلىككە بارغان بولۇپ، يولدا مېلىنى قاراقچىلارغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، شۇ كۈنى قايتىپ كەلگەنىكەن. موللام «ئۇنداق بولسا خەلپەتنى ئۆيگە ئەۋەتەيلى، ئۆيدە تەلىم بەرسۇن» دەپتۇ. خوجا سەئىد ماقۇل بوپتۇ. مۇئەللىم

# خوجا ۋاپا بىلەن مېھرى بوۋىنىڭ ھېكايىسى

باغدات شەھرىدە خوجاسەئىد ئىسىملىك بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى چىرايلىق، ھۆسن ـ جامالى خۇددى زۇلەيخادەك گۈزەل بىر كېنىزىكى بار ئىكەن. ئۇ كېنىزەكنىڭ ئىسمى مېھرى بوۋى ئىكەن. خوجا سەئىد ئۇنى قىزىم دەپ ساقلاپ، موللىغا ئوقۇغىلى بەرگەنىكەن. ئۇ شەھەردە يەنە خوجا پەرىد ئىسىملىك سودىگەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ خوجا ۋاپا ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئۇمۇ راسا كېلىشكەن يىگىت بولۇپ مەدرىسىدە ئوقۇيدىكەن، بىر كۈنى خوجاۋاپا بىر ئىشقا خاپا بولۇپ، مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىدا ئولتۇرغانىكەن، مېھرى بوۋىنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىشكە دۈچ كېلىپ قاپتۇ. خوجاۋاپا قارىسا بىر نازىنىن قىز كېلىۋاتقان. ئۇنىڭغا نەزىرى چۈشۈشى بىلەنلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. خوجاۋاپانى كۆرگەن مېھرى بوۋىمۇ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇ كېچە، مېھرى بوۋى خوجاۋاپانى ئويلاپ كۆزىگە ئەسلا ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. خوجاۋاپامۇ مېھرىنىڭ ئىشقىدا تاڭ سەھەردىلا مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېھرى يېتىپ كەلگەندە خوجاۋاپا مېھرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

«نەگە كېتىپ بارىسىز نازىنىن قىز، كىمنىڭ پەرزەنتى بولىسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

«خوجاسەئىد سودىگەرنىڭ قىزى بولىمەن، موللىنىڭكىگە ئوقۇغىلى كېتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مېھرى.

«سىزنىڭ پىراقىڭىزدا بىئارام بولدۇم، نازىنىن قىز!»

« مەن ئاتام بىلەن بىللە مەككىگە بارىمەن. سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم » دەپتۇ خوجاۋاپا.

« ھەي خوجاۋاپا! ئۇ چاغلاردا ئۇنىمىدىڭىز، ھېلىھەم بولسىمۇ مەن بىلەن كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىۋېلىك » دەپتۇ مېھرى.

« مەن خۇدايىتائاللا دەرگاھىدا مۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن، — دەپتۇ خوجاۋاپا. — قولۇمدىن كەلسە نىكاھ قىلىپ توي - تاماشا قىلىپ ئالىمەن. »

« ئۇنداق بولسا خەنجىرىڭىزنى بېرىڭ، مەن سىزگە ئۇلاشقىچە ئۆزۈمنى ساقلايمەن » دەپتۇ مېھرى ۋە ئۇنىڭ خەنجىرىنى ئېلىپ قاپتۇ. خوجاۋاپا مېھرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. نەچچە مەنزىل ۋە ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ مەككە شەھرىگە ئىككى كۈنلۈك يول قالغاندا بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. خوجا پەرىد ئۇ يەردە قازايى قەدەر يېتىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ. خوجاۋاپا ئاتىسىنى ھەزرىتى ئىمام ئەزەمنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مەككىگە راۋان بوپتۇ.

ئەمدى تۆت - بەش ئېغىز سۆزنى مېھرىنىڭ ئاتىسىدىن ئاڭلاڭ.

مېھرىنىڭ ئاتىسى سودىگەرچىلىككە چىققان جايدا قاراقچىغا ئۇچراپ زەخمىدار بولۇپ ھەممە ماللىرىنى ئالدۇرۇپ قايتىپتۇ. ئاخىر بىر كۈن ساقىيىپ بازار ۋە باغلارنى سەيلە قىلاي دەپ بازارغا چىقىپتۇ. ئىلگىرى خوجاسەئىد ھەر قېتىم بازارغا چىقسا ھەممە سودىگەرلەر ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىشىدىكەن، بۇ كۈنى ھېچكىم ئورنىدىن تۇرماپتۇ. شۇ سەۋەبتىن خاپا بولغان خوجاسەئىد ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ - دە، خوتۇنىدىن :

« بىساتىمىزدا جابدۇق ئېتىپ سەپەرگە چىققۇدەك بىرەر

خوجاۋاپانى « بېرىپ مېھرىنىڭ ساۋىقىنى تەلىم بېرىڭ » دەپ ئەۋەتىپتۇ. خوجاۋاپا مېھرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. خوجاسەئىد ھويلىسىدا بىر ھۇجرا ئاجرىتىپ « مېھرىگە ئاشۇ ئۆيدە تەلىم بېرىڭ » دەپ بۇيرۇپتۇ. شۇ يوسۇندا خوجاۋاپا مېھرىگە ئۈچ كۈن تەلىم بېرىپتۇ. ئەتىسى خوجاۋاپا كەلمەپتۇ. چۈنكى خوجاۋاپانىڭ ئاتىسى مەككىگە بارماقچى بولۇپ يول جابدۇقىنى تەييارلاپ بولغانىكەن. خوجاۋاپانىڭ ئاتىسى خوجاپەرىد : « يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام، ئاتا ـ ئانا نەدە بولسا پەرزەنتىمۇ شۇ يەردە بولۇشى كېرەككۇ ! » دەپتۇ.

« شۇنداق ئاتا ! سىز نەگە بارسىڭىز مەنمۇ بىللە بارىمەن » دەپتۇ خوجاۋاپا ۋە سەپەر كىيىملىرىنى كىيىپ، يول جابدۇقلىرىنى ئېلىپ ئاتا ـ بالا بىللە ئاتلىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر پەس يول ماڭغاندىن كېيىن ئاچا يولغا كەپتۇ. بۇنىڭ بىرى مەككىگە بارىدىغان يول، يەنە بىرى مېھرىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يول ئىكەن. بۇيەردە خوجاۋاپا توختاپ قاپتۇ.

« نېمە ئۈچۈن توختاپ قالدىڭىز بوتام ؟ » دەپ سوراپتۇ خوجاۋاپانىڭ ئاتىسى.

« مەن مەدرىستىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن خوشلىشىپ ياناي » دەپ خوجاۋاپا مېھرىنىڭ ئۆيى تەرەپكە راۋان بوپتۇ، مېھرىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قاراپ تۇرغانىكەن، بىر چۆرە چىقىپ كەپتۇ.

« مېنى كەلدى دەپ مېھرىگە ئېيتىڭ » دەپتۇ خوجاۋاپا. چۆرە كىرىپ مېھرىگە خەۋەر قىپتۇ، مېھرى يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. قارىسا خوجاۋاپا سەپەر كىيىملىرىنى كىيىپ ئارغىماققا مىنىپ كەلگەنىكەن. مېھرى خوجاۋاپانى ئاتتىن چۈشۈرۈپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

« سىزنىڭ بىر چۆرىگىمىز بارئىمىش غوجام ، ئۇنى بىزگە كۆرسىتىڭ » دەپتۇ ۋەزىر خوجاسەئىد ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە خوتۇنىغا .

« ۋەزىر چۆرىنى ماڭا كۆرسەتكىن دەيدۇ » دەپتۇ .

« خوجاسەئىد قىزىنى سېتىپتۇ دېسە بۇ باشنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمىز » دەپتۇ خوتۇنى . خوجاسەئىد ئۇنىڭغا قىلچە قۇلاق سالماپتۇ ۋە مېھرىنى ئېلىپ ۋەزىرنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ . مېھرى شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى ، بەدىنى ئايدەك ئاق ، يۈزى ئاپتاپتەك نۇرلۇق ، خۇددى جەننەتتىن چىققان ھۆرلەردەك گۈزەل ئىكەن . ۋەزىر مېھرىگە كۆز ساپتۇ . شۇندا مېھرىنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىدىن بىر ئوق چىقىپ ۋەزىرنىڭ كۆكرەك ساندۇقىغا تېگىپتۇ - دە ، ۋەزىر بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ . بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ :

« چۆرىگىزنىڭ باھاسىنى ئېيتىڭ غوجام » دەپتۇ .

« باھاسى ئۆزى بىلەن ئون باراۋەر كۈمۈش » دەپتۇ خوجاسەئىد ، دەللاللار « ئۆزى بىلەن ئالتە باراۋەر كۈمۈش ئېلىڭ » دېيىشىپتۇ . خوجاسەئىد قوبۇل قىپتۇ . ۋەزىر شۇ زامان ئالتە باراۋەر كۈمۈش بېرىپتۇ - دە ، مېھرىنى ئالتۇن يالتىلغان مەپىگە سېلىپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ . بىر يەرگە بارغاندا مېھرى قارىسا موللىسىنىڭ ئىشكى ئالدىغا يېتىپ بارغانىكەن . شۇ يەردە توختاپ : « بۇ يەردە مېنى ئوقۇتقان موللام بار . شۇنى چاقىرىپ چىقىڭلار » دەپ بۇيرۇپتۇ . موللامنى چاقىرىپ چىقىشىپتۇ . مېھرى مىڭ تەڭگە ھەدىيە قىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ : « ئاتام خوجاسەئىد مېنى ۋەزىر ئىقبالغا ساتتى ، خوجاۋاپا بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قاتتىق ۋەدىمىز بار ئىدى . مەن شەرتىمگە تۇرىمەن ، ھەرقاچان خوجاۋاپا كەلسە مېنى سىزدىن خەۋەر ئالسۇن

نەرسە بارمۇ ؟ » دەپ سوراپتۇ .
« سەل كۆزگە ئىلغۇدەك ھەممە نەرسىنى سېتىپ جابدۇق ئەتكەنىدىڭىز ، ھەممىسىنى قاراقچىغا ئالدۇردىڭىز . ئەمدى ئۆيدە نېمە بولسۇن غوجام » دەپتۇ خوتۇنى .
« ئۇنداق بولسا مېھرىنى سېتىپ سەپەرگە چىقمەن . »
« نېمە دەۋاتىسىز ؟ قىزىمنى ساتىمەن دېگەن گەپنى قانداقمۇ ئېغىزدىن چىقاردىڭىز ؟ »
« مېنى نېمشقا توسىسەن ! — دەپتۇ خوجاسەئىد ، — سىلەر ئانا - بالا ، مېنىڭ سېتىۋالغان قۇلۇم بولىسىلەر ، ساتسام سېتىۋېرىمەن . »
خوتۇنى جىم تۇرۇپتۇ . خوجاسەئىد چىقىپ دەللاللارغا « مېنىڭ پادىشاھلارغا لايىق بىر چۆرەم بار » دەپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ .
شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ۋەزىرگە : « مېنىڭ قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرەلىگۇدەك بىر چۆرە تېپىڭلار » دەپ يارلىق قىلغانىكەن . ۋەزىر دەللاللارغا خەۋەر قىپتۇ . دەللاللار دەرھال « خوجاسەئىد سودىگەر مېنىڭ پادىشاھلارغا مۇناسىپ كەلگۇدەك بىر چۆرەم بار دېگەنىدى » دەپ ۋەزىرنى باشلاپ ئېلىپ كەپتۇ ۋە « ۋەزىر كەلدى » دەپ خەۋەر قىپتۇ . خوجاسەئىد دەرھال مېھمانخانىغا بىسات سېپتۇ ۋە ئارقا - ئارقىدىن مەزەلەرنى ئېلىپ كەپتۇ . خوجاسەئىد چىقىپ خوتۇنىغا بۇيرۇپتۇ :
« مېھرىگە پەرداز قىلىڭلار ، ئۇنىڭ ھۆسنى تېخىمۇ چىرايلىق بولسۇن . »
« پەرداز قىلمىساممۇ چۇ ، خۇدايىم بەرگەن ھۆسنى بار ، خوش بولسا ئالسۇن » دەپتۇ خوتۇنى . سودىگەر خوجاسەئىد ۋەزىر ئالدىغا يېنىپ كىرىپتۇ .

خوجاۋاپا ئاتىسى بىلەن مەككىگە، يېقىنلاشقاندا ئاتىسى ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خوجاۋاپا مەككىگە راۋان بوپتۇ. ھەرەمى شەرىپىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆز شەھىرىگە يېنىپ كەپتۇ. ئۆز شەھىرىگە سالامەت يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە مېھرىنىڭ ئوتى زىيادە بوپتۇ - دە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، يىغلىشىپ ھال - ئەھۋال سورىشىپلا، موللىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈپتۇ.

« مېھرىدىن خەۋەرلىرى بارمۇ ؟ » دەپ سوراپتۇ خوجاۋاپا.

« شۇنداق خەۋىرىم بار، مېھرىنى ئاتىسى ساتتى » دەپتۇ موللام.

« كىمگە ساتتى ؟ »

« ۋەزىر ئىقبالغا ساتتى. »

« قانچىگە ساتتى ؟ »

« ئۆزى بىلەن ئالتە باراۋەر كۈمۈشكە ساتتى. »

« ئەگەر مەن بولغان بولسام ئون باراۋەر كۈمۈش بېرىپ ئالاتتىم، — دەپتۇ خوجاۋاپا ۋە ھەسرەت - نادامەت بىلەن يەنە سوراپتۇ، — ئەمدى بۇنىڭغا نېمە ئىلاج قىلماق كېرەك ؟ »

« غەم يېمەڭ خوجاۋاپا، — دەپتۇ موللام، — چىرايلىق رەخت - ماتا ۋە ھەر خىل ئېسىل بېزەكلەردىن، قەندۇ - قەنداللەتلەردىن ئېلىپ كېلىڭ، مەن سىزنى ۋەزىرگە ھاۋالە قىلاي، ئۇ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مېھرىنى كۆرەلەيسىز. »

خوجاۋاپا جان - دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆيىگە بېرىپ بىر مۇنچە رەخت ۋە قەنت - ناۋاتلاردىن ئېلىپ كەپتۇ. موللىسى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

« نېمە ئەرزىڭلار بار ؟ »دەپ سوراپتۇ ۋەزىر ئۇلاردىن.

موللام ! » مېھرى شۇ سۆزنى ئېيتىپ خوشلىشىپ قايتىپتۇ .
ۋەزىر يېڭى ئۆي ـ ئىمارەت ياسىغانىكەن ، مېھرىنى شۇ يەرگە چۈشۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىگە بىرنەچچە كېنىزەكلەرنى تەيىنلەپتۇ . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ۋەزىر : « مېھرىنى ئۆزى بىلەن ئالتە باراۋەر كۈمۈش بېرىپ سېتىۋالغانىدىم ، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلۈمنى ئاچمىسام نېمە پايدىسى بار ؟ » دەپ ئويلاپ مېھرىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە بىرنەچچە قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . مېھرى جىم تۇرۇپتۇ . ۋەزىر « مېھرىنىڭ ماڭا خېلى مەيلى بار ئىكەن ، كۆكسىدىن بىر ئەركىلىتەي » دەپ شۇنداق قول ئۇزاتقانىكەن . مېھرى خوجاۋاپانىڭ خەنجىرى بىلەن شۇنداق ئۇرۇپتۇكى خەنجەر ۋەزىرنىڭ كۆكرىكىگە تېگىپتۇ . ۋەزىرنى مۇلازىملار ئېلىپ چىقىپ كېتىشىپتۇ . ھەممەيلەن نارازى بولۇپ : « مېھرى سېتىۋالغان قۇلى تۇرسا ، ئۇنىڭ ۋەزىرگە پىچاق تىققىنى قانداق گەپ ؟ » دەپ غەيۋەت قىلىشىپتۇ . ۋەزىر بولسا « ئۇ تېخى كىچىك ، ئەقلىگە كېلىپ قالىدۇ » دەپ نەچچە ۋاقىت خەنجەر دەردىنى تارتىپ ياخشى بولۇپ قاپتۇ . « ئەمدى مىجەزى ئوڭلىنىپ قالغاندۇ » دەپ ۋەزىر يەنە بىر كۈنى مېھرىنىڭ قېشىغا كىرگەنىكەن . مېھرى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ . « ھەي مېھرى ، مەن سېنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ سېتىۋالغان . سەن مېنىڭ قۇلۇمسەن ، نېمە ئۇچۇن بۇنداق قىلىسەن ! » دەپ ۋەزىر مېھرىگە شۇنداق قول ئۇزاتقانىكەن ، مېھرى يەنە خەنجەر تارتىپ ۋەزىرنىڭ كۆكرىكىگە تىقىپتۇ . مۇلازىملار « كىشىنىڭ ئۆز پۇلى ئۆزىنى مۇشۇنداقمۇ كويغا سالارمۇ » دېيىشىپ ۋەزىرنى يۆلەپ ئاچىقىپتۇ . ۋەزىرنىڭ ئۇنىڭغا مەيلى بولغاچقا « بۇ نۆۋەتمۇ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم » دەپتۇ .
ئەمدى تۆت ـ بەش ئېغىز سۆزنى خوجاۋاپادىن ئاڭلاڭ .

ئۈزۈتۈپتۇ. مېھرى يەنە خەنجەرنى ئېلىپ ۋەزىرگە تىقىپتۇ. خەنجەر ئارقىسىدىن تېگىپ كۆكرىكىدىن چىقىپتۇ، ۋەزىر يىقىلىپتۇ. ۋەزىرنى خىزمەتكارلىرى يۆلەپ ئاچىقىپ كېتىشىپتۇ. ۋەزىرنىڭ قول ئاستىدىكىلەر: «نېمە مالامەت بۇ؟ مېھرىنى سېتىپ دېسە تېخى ئۇنىمايدۇ، ئۆلتۈرگىلى تېخى قويمايدۇ.» دەپ شىكايەت قىلىشىپ غوۋغا كۆتۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر «مېھرىنى ئاچىقىپ دارغا ئېسىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ تۇرغاچقا، مېھرىنى شۇ ھامان ئاچىقىپ دارغا ئېسىۋېتىپتۇ.

خوجاۋاپانىڭ بىر قۇلى بارئىكەن، ئىسمى زىرەك ئىكەن. بۇ ئىشنى كۆرۈپ خوجاۋاپانىڭ قېشىغا كىرىپ بىر ئۇھ تارتىپتۇ.

«نېمە ئۈچۈن ئۇھ تارتىسەن زىرەك؟» دەپ سوراپتۇ خوجاۋاپا.

«ھەي غوجام، — دەپتۇ زىرەك، — ۋەزىرنىڭ مېھرى دېگەن ناھايىتى چىرايلىق بىر كېنىزىكى بارئىدى، ھازىر ئاچىقىپ دارغا ئاستى.»

خوجا ۋاپا ھەيران قاپتۇ - دە، كۆڭلى پەرىشان بولۇپ زىرەكنى بۇيرۇپتۇ: «بېرىپ راستىنى ئۇقۇپ كەل.»

زىرەك تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشى بىلەنلا خوجاۋاپا ئىشكنى مەھكەم ئېتىپ ئايغىغا بىر كۇرسى قويۇپ بەلۋېغىنى يېشىپ بىر ئۇچىنى بوينىغا، بىر ئۇچىنى تۈگلۈككە باغلاپ كۇرسىنى تېپىۋېتىپتۇ - دە، ئېسىلىپ قاپتۇ.

ئەمدى تۆت - بەش ئېغىز سۆزنى مېھرىدىن ئاڭلاڭ.

مېھرىنىڭ ئىككى كېنىزىكى بار ئىكەن، ئۇلار مېھرىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، مېھرىنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئىچى ئاغرىپ پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ:

« بۇ كىشى خوجاپەرىد دېگەن سودىگەرنىڭ ئوغلى ئىدى ، — دەپتۇ موللام ۋەزىرگە ، — ئاتىسى بىلەن مەككىگە كەتكەنىدى . مەككىگە يېقىنلاشقاندا ئاتىسى ۋاپات بولۇپ ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ . ھازىر بۇ خوجا ھەرەمنى زىيارەت قىلىپ كەلدى ، بۇ بالا ناھايىتى راستچىل ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بالا ئىدى . ئۆزلىرىگە سالام بېرىشنى ئارزۇ قىلدى . شۇ سەۋەبتىن ھوزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدىم . »

« ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئىشى مانا شۇنداق بولىدۇ . مەن ئۇستازىغا دوست ئىدىم . بۇنىڭغا ياخشى ئاتىدارچىلىق قىلاي » دەپ ئويلىغان ۋەزىر خوجاۋاپاغا ئۆز ھويلىسىدىن بىر ئۆي تەيىنلەپتۇ . خوجا ھەر كۈنى ۋەزىرنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ سالام بېرىپ ئاگلىغان - بىلگەنلىرىدىن سۆزلەپ بېرىپ تۇرۇپتۇ . بارا - بارا يارىسى ساقايغان ۋەزىرنىڭ يەنە ھاۋايى - ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ - دە ، خىزمەتچىلىرىگە : « كىرىپ مېھرىگە ئېيتىڭلار ، ئۆزىنى جابدۇسۇن ، مەن كىرىمەن » دەپ بۇيرۇپتۇ .

« ۋەزىر مېنىڭ قېشىمغا كىرمىسۇن ، ئەگەر كىرىدىغان بولسام ئۇنى ئۆلتۈرىمەن ! » دەپ ياندۇرۇپتۇ خىزمەتچىلىرىنى مېھرى .

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر « ئۆلتۈرگىلى ھەددىمىكەن » دەپ مېھرىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ، مېھرى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ پەگاغا چۈشۈپ تۇرۇپتۇ .

خېلى ئەقىل كىرىپ قاپتۇ ، — ۋەزىر ، — مەن سېنى ئالتە باراۋەر كۈمۈش بېرىپ سېتىۋالغانمەن . سەن مېنىڭ مۈلكۈم . سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى خۇش قىلماي ، ماڭا مۇنداق جاپا قىلساڭ قانداق بولىدۇ ؟ »

ۋەزىر يەنە بىرمۇنچە نەسىھەت قىلىپ مېھرىگە قول

خوجاۋاپادىن سوراپتۇ :
« ئاۋۋال سەن بىلىپ كەلگەن خەۋىرىڭنى دېگىن ، ئاندىن مەن ئېيتاي » دەپتۇ خوجاۋاپا .
زېرەك « مېھرى تىرىك » دېيىشى بىلەنلا خوجاۋاپا زېرەكنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ بىر يۇرۇش سەرپايىلەرنى زېرەككە بېرىپتۇ . زېرەك مېھرىنىڭ ئەھۋالىنى ، باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى بايان قىپتۇ ، خوجاۋاپا بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى زېرەككە سۆزلەپ بېرىپتۇ .
« بۇ ئىشلارنى ماڭا بالدۇرراق ئېيتقان بولسىلا ياخشى بولاتتىكەن ، ھېلىھەم بىر ئىلاجىنى قىلىمىز » دەپتۇ زېرەك ۋە « پادىشاھ يېقىندا ئاشۇ قىزىنىڭ تويىنى قىلىدۇ ، توي جابدۇقلىرى ئۈچۈن رەخت سېتىۋالىدۇ ، رەخت سېتىۋالىدىغان ئىنىكئانىلارنى ئۆزىمىزگە دوست قىلىۋېلىپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن مېھرىنىڭ خەۋىرىنى ئالىمىز » دېگەن تەدبىرنى ئېيتىپتۇ . خوجاۋاپا بۇنىڭغا بەكمۇ خۇشال بولۇپ ، زېرەككە يەنە سەرپا ئىنئام قىپتۇ . ھەرخىل ئېسىل رەختلەر ۋە نەپىس بۇيۇملارنى ئېلىپ چىقىپ بازاردا دۇكان ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ . شۇ كۈنى مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسى بازارغا رەخت ئالغىلى چىققانىكەن ، زېرەك ئىنىكئانىنىڭ ئالدىنى توسۇپ سالام قىپتۇ ۋە :
« ئاغىچا خېنىم ، ئەگەر مال لازىم بولسا ئۇ يەردە خوجاۋاپا دېگەن كىشى يېڭى دۇكان ئاچتى ، ھەر تۈرلۈك ماللىرى بار » دەپ باشلاپ خوجاۋاپانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ . خوجاۋاپا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىپتۇ .
« ماللىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ يىگىت » دەپتۇ ئىنىكئانا .
« مالنى ئۆيدە كۆرسىتەي ، بۇ يەردىكىلىرى ئاز » دەپ خوجاۋاپا ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپتۇ ۋە ئاۋۋال مېھمان قىلىپ ،

« ۋەزىر ئىقبال پادىشاھىمىز ئۇچۇن دەپ بىر چۆرە ئالغانىدى ، ئۇردىغا بەرمەي تا ھازىرغىچە ئۆزى ساقلىغانىدى ، ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ۋە كېلىشكەن چۆرە ئىدى . ھازىر ئاچقىپ دارغا ئېسىۋەتتى » دەپتۇ ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ .

« دەرھال بېرىپ تىرىك بولسىمۇ ، ئۆلۈك بولسىمۇ ئېلىپ كېلىڭلار » دەپ كىشى بۇيرۇپتۇ مەلىكە قىز . بارغانلار مېھرىنى داردىن ئاجرىتىپ مەلىكە قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ . مەلىكە قارىسا ئېيتقىنىدىنمۇ ئارتۇق چىرايلىق ئىكەن ، ئەمما ئۆلگەندەك ياتقان . مەلىكە ھەسرەت - نادامەت قىلىپ ، تىنىقىغا ئەينەك تۇتقانىكەن . ئەينەك تەرلەپتۇ ، « جېنى بار ئوخشايدۇ » دەپ دەرھال بۇرنىغا دورا پۈركىتىپتۇ . مېھرى بىر سائەتتىن كېيىن « سۇ » دەپتۇ . مېھرىگە سۇ بېرىپتۇ . مېھرىنىڭ بېشىنى مەلىكە ئۆز تىزىغا ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن ، مېھرى ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە بېشىنى مەلىكىنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ قايرىلىپ قاراپ « بىر خان قىز ئوخشايدۇ » دەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىپتۇ . مەلىكە بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ - دە ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ . زېرەك بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ خوجاۋاپانىڭ ئالدىغا كەپتۇ . قارىسا ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئېتىك ئىكەن ، ئىتتەرسە ئېچىلماپتۇ ، كۈچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرسە خوجاۋاپا تۇگۈلۈكنىڭ ياغىچىغا ئۆزىنى ئاسقانىكەن ، ياغاچ سۇنۇپ كېتىپ خوجاۋاپا يەرگە يىقىلىپ يېتىپتۇ . زېرەك ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ دورا پۈركىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ . خوجاۋاپا كۆزىنى ئېچىپ سۇ سوراپتۇ ، زېرەك ئۇنىڭغا شەربەت قىلىپ بېرىپتۇ ، ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن خوجاۋاپا خېلى ھوشىغا كەپتۇ . زېرەك « ئىككىسى بىر - بىرىگە ئاشىق - مەشۇق ئىكەن - دە ، ئۇ يەردە دارغا ئېسىلىش بىلەن بۇ يەردە ئۆزىنى ئېسىۋاپتۇ » دەپ ئويلاپ بۇ ئىشنىڭ تېگىنى

« مەن ئۆزۈمگە دۈشمەننى ساقلاپتىمەن ، بۇ ھارامزادە ئۆزىنى كۆرسەتكىلى مۇشۇنداق قىلدى ، خەپ مەن سېنى ئۆلتۈرمىسەم » دەپ ئولتۇرغانىكەن ، شاھزادە ھوشىغا كەپتۇ ، شاھزادە قارىسا گۈزەل قىز يوق . شاھزادە مەلىكىگە قىلچىمۇ ئىلتىپات قىلماستىن چىقىپ كېتىپتۇ . بۇنى كۆرگەن مەلىكە ئەقلىدىن ئادىشىپتۇ ـ دە ، مېھرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ .

« مەلىكەم ، بۇنىڭ قېنىنغا بويالغۇچە ، دەرياغا تاشلىۋەتمەيمىزمۇ ، خاھ بىر كۈندە ئۆلسۇن ، خاھ ئۇن كۈندە ئۆلسۇن ، مەيلى ئەمەسمۇ » دەپتۇ ئىنىكئانا .

مەلىكە ماقۇل بوپتۇ . شۇ زامان ئىنىكئانا بىر ساندۇق تەييارلاپ مېھرىنى ساندۇققا سېلىپ بىر قاپاق سۇ ، بىر ئۈۋۈچ پىستە ۋە بىرنەچچە كۈنلۈك ئوزۇق سېلىپ ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ دەرياغا تاشلاپتۇ .

ئەتىسى ئىنىكئانا يەنە رەخت لازىم دەپ خوجاۋاپانىڭكىگە بېرىپتۇ . خوجاۋاپا يەنە مەلىكە ئۈچۈن دەپ توققۇز كىيىملىك ، ئىنىكئانا ئۈچۈن دەپ توققۇز كىيىملىك مالنى سوۋغا قىپتۇ . خوجاۋاپا شۇ يوسۇندا كۈندىن ـ كۈنگە ئارتۇقراق مال بەرگەنىكەن .

« نېمە ئەرزىڭىز بار غوجام ؟ مەن ئاڭلىسام ! ـــ دەپتۇ ئىنىكئانا ، ـــ بىزنىڭ ناھايىتى كۆپ خىزمىتىمىزنى قىلدىڭىز ، ئەسلى غەرىزىڭىز نېمە ؟ ئىزھار قىلىڭ . »

« ئەگەر ئىزھار قىلسام ، غەرىزىم شۇكى ، مەلىكىنىڭ قېشىدىكى مېھرى دېگەن قىز مېنىڭ جانانىم ئىدى . مەن ئۇنىڭ جامالىنى بىر كۆرسەم ئىدى دەپ سىزگە خىزمەت قىلىۋاتىمەن » دەپتۇ خوجاۋاپا .

ئىنىكئانا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تىزىغا بىرنى ئۇرۇپتۇ ۋە

ئاندىن كېيىن ماللارنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇنداق ئېسىل رەختلەرنى شۇ چاققىچە ھېچكىم كۆرمىگەنىكەن.

« باھاسىنى ئېيتىڭ » دەپتۇ ئىنىكئانا.

« باھاسىنى ئېيتمايمەن، ئاپىرىۋەرسىلە » دەپتۇ خوجاۋاپا.

خوجاۋاپامۇ چىرايلىق بولغاچقا، ئىنىكئانىغا يېقىپ قاپتۇ.

« ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەرۋايىت ـ گۆھەرلەر دېگەن مەندە تولا، يەنە باشقا يەردىن ئىزدەپ يۈرمىسىلە » دەپتۇ خوجا ۋاپا.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىنىكئانا ھەركۈنى كېلىدىغان بوپتۇ. رەخت ئۈچۈن بىر قېتىم كەلسە، خوجاۋاپانى كۆرۈش ئۈچۈن ئىككى قېتىم كېلىدىكەن. بىر كۈنى مەلىكە قوشۇلۇش ئۈچۈن شاھزادە كېلىۋېتىپتۇ دېگەن خەۋەر كەپتۇ. مەلىكە ئۆزىنى ياساپ ـ جابدۇپ، پەرداز قىلىپ ئالدىدىكى خىزمەتكارلىرىنى « سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار » دەپ چىقىرىۋېتىپتۇ، ئەمما مېھرىنى تەختىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ ئالدىدا ئېلىپ قاپتۇ. شاھزادە كېلىپ مەلىكە بىلەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھېكايىلەرنى ئېيتىشىپ سۆھبەتلىشىپتۇ، سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ مەلىكە ئۇسساپ قاپتۇ ـ دە، « ئۇسسۇزلۇق بېرىڭلار! » دەپ چاقىرىپتۇ. ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىكەن.

« قايسىڭ بار، ماڭا ئۇسسۇزلۇق بېرىڭلار! » دەپ مەلىكە يەنە توۋلاپتۇ، يەنە ھېچكىم كەلمەپتۇ. « ھېچكىم يوقمۇ! ھەي ماڭا بىر جام سۇ بېرىڭلار! » دەپ يەنە توۋلىغان بولسىمۇ ھېچكىم كەلمەپتۇ، مېھرى تەخت ئاستىدا ياتقانىكەن « بۇ يەردە مەندىن بۆلەك ئادەم يوق، مەن سۇ بېرەي » دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چىنىگە سۇ قۇيۇپ مەلىكىگە تۇتۇپ بېرىپتۇ ـ يۇ، ئۆزى قېچىپتۇ. شاھزادە مېھرىنى بىر كۆرۈشى بىلەنلا بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. مەلىكە بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ پۇشايمان قىپتۇ ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە

تىرىكلىكى مەلۇم بولدى » دەپ خوجاۋاپانىڭ بۇرنىغا بىنەپشە يىپغىنى تىمتىپتۇ. خوجاۋاپا بىر چۈشكۈرۈپلا كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە كەپتۇ.

« قايەردىن بولسىز بوتام، كىمنىڭ پەرزەنتى بولسىز ؟ » دەپ سوراپتۇ بېلىقچى.

« مەن سودىگەرنىڭ ئوغلى ئىدىم، — دەپتۇ خوجاۋاپا، — نەچچە سودىگەرلەر بىلەن كېمىگە ئولتۇرغانىدۇق. بېلىق كېلىپ قۇيرۇقى بىلەن كېمىنى بىر ئۇردى. كېمە غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقىنى بىلمەيمەن. »

« بۇ دەرياغا كۆندە تور سېلىپ ئىككى بېلىق ئالىمەن، — دەپتۇ بېلىقچى، — بىرىنى ئۆزۈم ئوزۇق قىلىمەن، بىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ باشقا خىراجەتلىرىمگە ئىشلىتىمەن. ئەگەر كەمبەغەللىكىمكە تاقەت قىلسىڭىز مېنى ئاتام دېسىڭىز، مەن سىزنى ئوغلۇم دەي. »

« سىزنى ئاتام دەيمەن » دەپتۇ خوجاۋاپا. شۇنداق قىلىپ خوجاۋاپا بۇ يەردە بەش ـ ئالتە كۈن تۇرۇپتۇ.

« ئاتا بۇ دەريانى نېمە دەپ ئاتايدۇ ؟ » دەپ سوراپتۇ خوجاۋاپا.

« بۇ دەريانى بەسرە دەرياسى دەيدۇ » دەپتۇ بېلىقچى.

« بۇ يېقىن ئەتراپتا شەھەر يوقمۇ ؟ »

« شەھەر بار، بوتام. »

« مەن بېرىپ شەھەرنى كۆرۈپ كېلەي ئاتا » دەپ خوجاۋاپا ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى تۆت ـ بەش ئېغىز سۆزنى مېھرى بۇۋىدىن ئاڭلاڭ.

بىر توپ كېمىچىلەر بەسرە دەرياسىدا كېمە سېلىپ يۈرگەنىكەن. كېمىدە يەنە دورغىلارمۇ بار ئىكەن. قارىسا دەريادا

ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپتۇ :

« نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق بۇ مۇددىئايىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز ؟ مەن ئىلاجىنى قىلماسمىدىم . مېھرىنى مەلىكە گۇناھكار قىلىپ، ئاخشام تېخى بىر ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلاتقۇزۇۋەتكەنىدى . »

خوجاۋاپا بۇنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ . يەنە بىر پۇرسەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ھەممە پۇل مال ـ دۇنيالىرىنى خۇدانىڭ يولىدا سەدىقە قىلىۋېتىپتۇ .

« مېھرى دەرياغا تاشلىنىپتۇ . مەن بۇ يەردە نېمە قىلاي ؟ » دەپ خوجاۋاپا دەريانىڭ بويىغا بېرىپتۇ . « مېھرىنىڭ ئارقىسىدىن مەنمۇ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلايمەن » دەپ ئۆتۈكىنى سايتۇ . ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدە 18 دانە گۆھەر باغلاقلىق ئىكەن . ئۇنى ئاتىسى خوجاپەرىد بەرگەن بولۇپ، ئاتىسى « بۇنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ساقلىغىن ، قاچان بېشىڭغا كۈن چۈشسە بۇ گۆھەرلەرنى ساتساڭ دەسمايە بولىدۇ » دېگەنىكەن . خوجاۋاپا گۆھەرلەرنى ئۈزۈپ دەرياغا تاشلاپتۇ . ئۇنى بىر بېلىق يۇتۇپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن خوجا ۋاپا ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ . ئۇنىمۇ يەنە بىر بېلىق يۇتۇپتۇ . بۇ دەريا بەسرە دىيارىدىن ئۆتۈپ ئاقىدىغان دەريا ئىكەن . دەريانىڭ قىرغىقىدا بىر يېزا بار ئىكەن . بۇ يېزىدا قاسىم بېلىقچى دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن . بىر كۈنى ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ دەرياغا تور سايتۇ . تورغا يوغان بېلىق چىقىپتۇ . ناھايىتى مۇشەققەتلەر بىلەن بېلىقنى تارتىۋېلىپ قارنىنى يارسا بېلىقنىڭ قورسىقىدىن چىرايلىق بىر يىگىت چىقىپتۇ، بېلىقچى ھەيران قاپتۇ، بېلىقچىنىڭ بالىسى يوق ئىكەن . « بۇ ئوغۇلنى ماڭا خۇدا ئاتا قىلدى . ئەگەر تىرىك بولسا بالا قىلىۋالىمەن » دېگەن ئۈمىد بىلەن ئاڭلىغىنى بويىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەينەك تۇتۇپتۇ، ئەينەك تەرلىگەنىكەن ، « ئۇنىڭ

ئەمەس » دەپ ئەتراپقا قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ . لېكىن ئۇنىڭدا دۇنيالىقتىن ھېچنەرسە يوق ئىكەن .

شۇنداق تۇرغاندا شۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى يېتىپ كېلىپ قاپتۇ ۋە توپلىشىپ تۇرغانلاردىن سوراپتۇ :

« نېمە غوۋغا بۇ ؟ »

« دەريادىن بىر ساندۇق تېپىپ ئېلىشقانىكەن ، ئۇنى ساتقىلى قويۇپتۇ » دېيىشىپتۇ تۇرغانلار . ۋەزىر يېقىن كېلىپ ساندۇقنى كۆرۈپتۇ ـ دە ، دەرھال مىك تەڭگە بېرىپ ئۇنى ئېلىپ ئۆيىگە كېتىپتۇ . خوجاۋاپا تېخىمۇ پەرىشان بولۇپ بېلىقچىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ . بېلىقچى خوجاۋاپانى غەمكىن ۋە پەرىشان ھالدا كۆرۈپ سوراپتۇ :

« كىمدىن رەنجىپ قالدىڭىز بوتام ، خاپا كۆرۈنىسىزغۇ ؟ »

« ھېچكىمدىن رەنجىمىدىم » دەپ خوجاۋاپا كۆڭلىدىكىنى ئېيتماپتۇ . بۇ كېچە ئۆتۈپتۇ ، ئەتىسى ئاتىسى شۇنداق دەپتۇ :

« بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى ئوغلۇم ، تورغا ھېچ بېلىق چۈشمەيۋاتىدۇ . »

« ئۇنداق بولسا بۈگۈن دەرياغا تورنى مەن سالاي ، ئىنشائاللا ، تەلىيىم بولسا چۈشۈپ قالار » دەپ خوجاۋاپا تور سالغانىكەن ، بىر بېلىق چۈشۈپتۇ . ئاتىسىغا بېرىپتۇ

« بۇ ئانامغا بولسۇن » دەپ يەنە بىر تور تاشلىغانىكەن ، بىر بېلىق چۈشۈپتۇ . ئۇنى ئانىسىغا بېرىپتۇ . خۇداغا تەۋەججۇ قىلىپ تۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈن تور سالغانىكەن ، يەنە بىر بېلىق چۈشۈپتۇ . ناھايىتى خۇشال بولۇپ تورنى تارتىپ ئېلىپ بېلىقنىڭ قارنىنى يارغانىكەن ، قايسى كۈنى مېھرىنىڭ ئىشتىياقىدا ئۆزى دەرياغا تاشلىۋەتكەن 18 دانە گۆھەر بېلىقنىڭ قارنىدىن چىقىپتۇ . بۇنى كۆرگەن خوجاۋاپا خۇدايىتائاللاغا ھېسابسىز شۈكۈر قىلىپ ،

ئۈستىگە زەر يوپۇرماقلار يېپىلغان بىر ساندۇق ئېقىپ كېلىۋېتىپتۇ ، كېمىنچىلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىشىپتۇ ، كېمىنچىلەر دورغىلارغا كېمە ئىجارىسى ئۈچۈن مىڭ تەڭگە ئىجارە ھەققى تۆلەيدىكەن . دورغىلار « ساندۇقنى بىز ئالىمىز » دەپتۇ . كېمىنچىلەر بولسا « سۇنىڭ يۈزىدە نېمە بولسا ئۇنى بىز ئالىمىز » دېيىشىپتۇ . « ئۇنداق بولسا مىڭ تەڭگىگە ھېسابلاپ بىزگە بېرىڭلار » دەپتۇ دورغىلار . كېمىنچىلەر ساندۇقنى دورغىلارغا بېرىپتۇ . مېھرى ساندۇق ئىچىدە يېتىپ « يەنە كىشى قولىغا چۈشكەن » لىكىنى بىلىپتۇ ـ دە ، چاچلىرىنى يېيىپ ، پۈتۈن بەدىنىگە خۇددى پەرىجىدەك يېيىپ خۇدايىتائاللاغا نالە ـ زار قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ . دورغىلار ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپ نەزىر ـ چىراغ قىلىپ قۇلۇپنى ئېچىپتۇ . قارىسا بىر دېۋە يېتىپتۇ . ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكى قېپىدىن چىققان دورغىلار دەرھال ئاغزىنى بېكىتىپتۇ ـ دە ، « بۇ ھەرنېمە بولسا بولسۇن ، بىزمۇ ئاغزىنى قۇلۇپلاپ ئاۋۋالقىدەك راستلاپ ساندۇقنى بازارغا ئېلىپ چىقايلى . تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ بىزگە ئوخشاش خام تەمەگەردىن بىرى مىڭ تەڭگىمىزنى بېرىپ سېتىۋالسا ئەجەب ئەمەس » دەپ ساندۇقنى چارسۇغا ئاچىقىپ قويۇپ : « بۇ ساندۇقنىڭ باھاسى مىڭ تەڭگە ، ئالمىغان كىشى ئارماندا ، ئالغان كىشى پۇشايماندا » دەپ جار سېلىپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ . بۇ سۆزدىن ھەممە ئادەم ھەيران بولۇشۇپتۇ ۋە ئېلىش ـ ئالماسلىقلىرىنى بىلەلمەپتۇ ، شۇ ھالدا تۇرغاندا خوجاۋاپا چارسۇغا كېلىپ قاپتۇ ، قارىسا بىرنەچچە ئادەملەر توپلىشىپ تۇرغان ، بىر كىشى « ھەركىم بۇ ساندۇقنى ئالسا باھاسى مىڭ تەڭگە ، ئالمىغان كىشى ئارماندا ، ئالغان كىشى پۇشايماندا » دەپ توۋلاۋاتقانىكەن ، خوجاۋاپا ئويلاپ قاپتۇ : « ئىنىكئانا ئېيتقان ساندۇق مۇشۇ بولۇشى ئېھتىمال ، مېھرى بۇۋى مۇشۇ ساندۇق ئىچىدە بولسا ئەجەب

كۆرۈنمەپتۇ . خوجاۋاپا دەرھال چۈشۈپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ . قارىسا مېھرى چېچىنى پۈتۈن بەدىنىگە يۆگەپ ياتقانىكەن . ئۇلار «ۋاي جېنىم ، ۋاي جاھانىم ! ۋاي مېھرىبان يارىم ! سېنى يەنە كۆرەر كۈنۈم بار ئىكەن ! » دەپ بىر ـ بىرىنى تونۇشۇپ ، كۆرۈشۈپ بىخۇد بولۇپ قېلىشىپتۇ ، ئۆزىگە كېلىپ ساندۇقنى گۈمبەز ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ يولغا چۈشۈپتۇ . يولدا ئۇلار بىر ـ بىرلىرىگە ھال ئېيتىشىپ ، سۆزلىشە ـ سۆزلىشە بېلىقچىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ . خوجاۋاپانىڭ بۇنداق خۇشال ـ خۇرام كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن بېلىقچى سوراپتۇ :

«خۇداغا شۈكۈر ، خۇشال كۆرۈنىسىزغۇ بوتام ؟ »

«ئەلھەمدۇلىللا خۇشالمەن ، بىر مېھمان ئېلىپ كەلدىم ، كۆرپە سېلىڭلار » دەپتۇ خوجاۋاپا .

«سىز بۇ يەرگە مۇساپىر تۇرسىڭىز ، مېھماننى نەدىن تاپتىڭىز ئوغلۇم ؟ » دەپ بېلىقچى بىر كونا چاپاننى كۆرپە قىپتۇ . قارىسا ئاي يۈزلۈك ، ئاپتاپتەك چىرايلىق بىر نازىنىن قىز بېلىقچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ ، بېلىقچى ھەيران قاپتۇ :

«بۇ نازىنىننى نەدىن تاپتىڭىز ؟ كىمنىڭ قىزىنى ئېلىپ قاچتىڭىز ئوغلۇم ؟ »

«ئاتا ، بۇ مېنىڭ جېنىم ، نەچچە يىللاردىن بېرى تارتقان مۇشەققەتلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى . بۇنىڭ ئىسمى مېھرى ، مېنىڭ ئىسمىم خوجاۋاپا . بۇنى دەرياغا تاشلىغاننى ئاڭلاپ مەنمۇ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىغانىدىم . بېلىق يۇتۇپ بۇ يەردە سىز بىلەن ئاتا ـ بالا بولماققا سەۋەب بولدى » دەپ خوجاۋاپا ھېكايىسىنى تامام قىپتۇ ۋە :

«ئاتا بازارغا بېرىڭ ، پالانى جاۋاھىرپۇرۇشقا بىر دانە گۆھەر ساتقانىدىم . مىڭ تەڭگە بەرگەنىدى . يەنە 20 مىڭ تەڭگە بەرمەكچى

گۆھەرنى ئېلىپ بېلىكىگە باغلاپتۇ، بىر دانىسىنى قولىغا ئېلىپ، بېلىقنى ئاتىسىغا بېرىپ ئۆزى شەھەر تەرەپكە راۋان بوپتۇ. ۋەزىر ساندۇقنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ شۇنداق ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا ئىچىدە بىر قارا دېۋە يېتىپتۇ. ۋەزىر «ۋاي» دەپ ئارقىسىغا ئۆچۈپ كېتىپتۇ. خىزمەتكارلىرى دەرھال ساندۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپتۇ. تۆت ـ بەش ئاخۇننى چاقىرتىپ دۇئا ئوقۇتقاندىن كېيىن ۋەزىر ئاران ئۆزىگە كەپتۇ.

«بىر بالايى ئەزىمنى تۇتۇپ ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلىغانىكەن، ئەمدى بۇ بالانى كۆيدۇرمەك كېرەك. مۇبادا بەندىتتىن خالاس بولۇپ قالسا، شەھەرنى خاراب قىلىدۇ. ئوتۇن يىغىڭلار، كۆيدۇرەيلى!» دەپ بۇيرۇپ بولۇپ ۋەزىر يەنە ئويلىنىپ قاپتۇ:

«بىكاردىن ـ بىكار مىڭ تەڭگە پۇلۇم كۆيۈپ كېتەرمۇ؟ بۇ شەھەردە ماڭا ئوخشاش خام خىيال ئادەملەردىن يەنە باردۇر» دەپ ساندۇقنى ساتقىلى بازارغا چىقىرىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە خوجاۋاپا يېتىپ كەپتۇ ۋە ساندۇقنى بازاردا كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، دەرھال قولىدىكى بىردانە گۆھەرنى بىر گۆھەرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. گۆھەرپۇرۇش گۆھەرنى كۆرگەندىن كېيىن:

«گۆھىرىڭىز بىباھا گۆھەر ئىكەن غوجام. ھازىر مىڭ تەڭگە بېرەي، قالغىنىنى كېيىن بېرەي» دەپتۇ.

«ھازىر مىڭ تەڭگە بەرسىلە، قالغىنىنى كېيىن بېرەلا» دەپ خوجاۋاپا ئۇنىڭدىن مىڭ تەڭگىنى ئېلىپلا ساندۇق ساتقۇچىلارغا بېرىپ ساندۇقنى يۈدۈپ بېلىقچىنىڭ ئۆيى تەرەپكە راۋان بوپتۇ. يولدا بىر گۈمبەز پار ئىكەن. ساندۇقنى گۈمبەزنىڭ ئىچىگە قويۇپ تۆپىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ باقسا ئادەم

ئۇردىسىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ پەرزەنتى يوق ئىكەن، مېھرىنى پەرزەنتىم دەپ پۈتۈن شەھەرگە ئېلان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شاھانە سەرپالارنى كىيدۈرۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ بارلىق ئەمىر ۋە ئاكابىر ئەشرەپلەرنى يىغىپ:

«بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھلىقىنى ئوغلۇمغا تاپشۇرىمەن، سىلەر نىمە دەيسىلەر؟» دەپتۇ. ھەممىيلەن بەجاندىل قوبۇل قىپتۇ. مېھرى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ تىنچ ۋە خاتىرجەملىكنى خالاپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

ئەمدى تۆت ـ بەش ئېغىز سۆزنى خوجاۋاپادىن ئاڭلاڭ.

خوجاۋاپا سۇ ئىچىدە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يۈرگەندىن كېيىن، سۇ قۇمغا چىقىرىپ قويۇپتۇ. خوجاۋاپا مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆرۈپتۇ.

خوجاۋاپا شۇ پىشقان مېۋىلەردىن يەپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ، تەۋەككۈل قىلىپ بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، يول ئۈستىدە بىر ھويلا ئۇچراپتۇ. ئىشىككە بىرىپ تۇرغانىكەن، بىر كېنىزەك چىقىپ سوراپتۇ:

«ھەي غوجا، نەدىن كېلىۋاتىسىز؟»

«مەن مۇساپىرمەن، مېنىڭ بۇ يۇرتتا ھېچبىر تونۇش ـ بىلىشىم يوق» دەپتۇ خوجاۋاپا.

«بۇ ھويلا خوجاتاھىرنىڭ ھويلىسى» دەپتۇ كېنىزەك. شۇ ئەسنادا خوجاتاھىر چىقىپ كەپتۇ. خوجاۋاپا ئۇنىڭغا سالام بىرىپتۇ. خوجاتاھىر ئىلىك ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

«نەدىن كېلىۋاتىسىز يىگىت، نەگە كېتىۋاتىسىز؟»

«مەن سودىگەرزادە ئىدىم، ـــ دەپتۇ خوجاۋاپا، ـــ بىر توپ سودىگەرلەر بىلەن كېمىگە ئولتۇرغاندۇق، كېمە غەرق بولدى، مەن بىر پارچە تاختاي ئۈستىدە قالدىم. بىرنەچچە كۈن دەريادا يۈرۈپ ئەمدى بۇ يەرگە چىقتىم.»

ئىدى. ئۇنى ئېلىپ كېلىڭ» دەپتۇ. بېلىقچى جاۋاھىر پۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئېيتقانىكەن، جاۋاھىر پۇرۇش دەرھال 10 مىڭ تەڭگە تەييارلاپ بېرىپ، «قالغىنىغا يەنە كېلەسىز؟» دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ. بېلىقچى پۇلنى ئېلىپ كەپتۇ.

«بۇ پۇلدىن ئېلىپ ئۆيگە نېمە لازىم بولسا، شۇنى ئېلىپ كېلىڭ ئاتا» دەپتۇ خوجاۋاپا.

ئاتىسى بازارغا بېرىپ خوجاۋاپانىڭ بۇيرۇقىنى راستلاپ كەپتۇ.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئۇ يەردە تۇرۇپتۇ. ئاخىرى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى بولۇپ بىرنەچچە كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپتۇ ۋە بېلىقچى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. بېلىقچى بىلەن خوتۇنى يىغلىشىپ قاپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىر دەريا لېۋىگە يېتىپ بېرىپتۇ ۋە سال باغلاپ دەرياغا چۈشۈپتۇ. شۇ يوسۇندا دەريادا كېتىۋاتقانىكەن. تۇيۇقسىزدىن بىر بېلىق قۇيرۇقى بىلەن سالنى بىرنى ئۇرۇپتىكەن، سال چۇۋۇلۇپ كېتىپ خوجاۋاپا بىر پارچە ياغاچ ئۈستىدە قاپتۇ، مېھرىمۇ بىر پارچە ياغاچ ئۈستىدە قاپتۇ. ئۇلار شۇ ئەھۋالدا شۇ كۈنى ئاخشامغىچە بىر - بىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈشۈپ مېڭىپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن مېھرى قىرغاققا چىقىپ كېيىم - كېچەكلىرىنى قۇرۇتۇپ ئولتۇرسا، بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر پەيدا بوپتۇ. ئەسلىدە مىسىر پادىشاھى شىكارغا چىققان بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭ ئادەملىرى ئىكەن. ئۇلار مېھرى ئولتۇرغان يەرگە كېلىشىپتۇ. مېھرى خوجاۋاپا بىلەن دەرياغا چۈشىدىغان ۋاقىتىدا ئەركەكچە كىيىنىۋالغانىكەن. كىشىلەر كېلىپ قارىسا بىر چىرايلىق يىگىت ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنى ھۆرمەت بىلەن پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ كېلىشكەن ئوغۇل بالىنى پادىشاھ ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ - دە،

# ئالتۇن توخۇنىڭ ھېكايىسى

خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى: ئۆتكەن زاماندا نىشاپۇر شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار بولۇپ، خەزىنە ۋە مال ـ دۇنيالىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىكەن. كېچە ـ كۈندۈز ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن راھەت ـ پاراغەتتە ئۆمۈر كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى كېچىدە، پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر چاھارباغ ئىچىگە كىرگەنمىش ۋە باغنى سەيلە ـ تاماشا قىلىپ بىر گۈلزارغا بېرىپ قالغانمىش. قارىسا گۈللەر ئېچىلغان، ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى گۈل ـ گىياھلار ياشناپ، دەرەخلەر كۆكلەپ تۇرغان، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ھەر تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇرغانمىش. بىر كۆل بار بولۇپ، كۆلنىڭ تۆت بۇرجىكىدە خىرىس قىلىپ تۇرغان شىرنىڭ ھەيكىلى بارمىش. سۇ شىرنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقىپ كۆلگە قۇيۇلارمىش. پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا پۈتۈن ئالەمنىڭ بايلىقىغا ئالغۇدەك بىر قەپەس بارمىش. قەپەس ئىچىدە بىر جانىۋار بار بولۇپ، خۇدايىتائاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ جانىۋارنىڭ تېنى ئالتۇندىن، بېشى لەئىلدىن، كۆزى قىزىل ياقۇتتىن، قاناتلىرى يېشىل زەبەرجەتتىن، قۇيرۇقى زۇمرەتتىن، ئاياغلىرى مەرۋايىتتىن يارىتىلغانمىش. ئۇ جانىۋار «زەررىن (ئالتۇن) توخۇ» دەپ ئاتىلارمىش. ئۇ جانىۋار ئادەمزاتقا ئوخشاش سۆزلەرمىش، ھەر قېتىم كۈلسە ئاغزىدىن دەستە ـ دەستە گۈللەر تۆكۈلەرمىش.

پادىشاھ ئۇ قۇشنى چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا پەرياد ـ پىغان قىلىپ ئويغىنىپتۇ ـ دە، پادىشاھلىق تەختىنى تاشلاپ ھامامنىڭ كۈللىرىگە بۇلۇنۇپ،

«مېنىڭ پەرزەنتىم يوق، مەن سېنى ئوغلۇم دېسەم، سەن مېنى ئاتام دېسەڭ. ئىككىلەن ئاتا ـ بالا بولۇپ بىللە ئۆتسەك قانداق؟» دەپتۇ خوجاتاھىر.

«خوپ بولىدۇ» دەپتۇ خوجاۋاپا ۋە ئۇنىڭغا تەزىم قىپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئاتا ـ بالا بولۇپ، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپتۇ. لېكىن مېھرىنىڭ پىراقى كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى خوجاۋاپا خوجاتاھىردىن رۇخسەت ئېلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. بۇ شەھەر مىسىر شەھىرى ئىكەن. خوجاۋاپا مىسىر دەرۋازىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئەسلىدە مېھرى خوجاۋاپانى تېپىش مەقسىتىدە «ھەر قانداق ئادەم كەلسە ماڭا كۆرسەتمەي كىرگۈزمەڭلار» دەپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئادەم قويۇپ قويغانىكەن. ياساۋۇللار خوجاۋاپانى تۇتۇپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ.

«ئېلىپ كىرىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشاھ. خوجاۋاپانى ئېلىپ كىرىشىپتۇ. مېھرى قارىسا خوجاۋاپاغا ئوخشايدۇ. ئۇ سوراپتۇ:

«قايسى شەھەردىن بولىسىز يىگىت، كىمنىڭ پەرزەنتىسىز؟»

«مەن خوجاپەرىد ئوغلى خوجاۋاپا بولىمەن» دەپ خوجاۋاپا ئاۋۋالدىن ـ ئاخىر غىچە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىپتۇ. مېھرى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ خوجاۋاپا بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئولتۇرغان بەگلەر بىلەنمۇ كۆرۈشۈپتۇ. بەگلەر ھەيران قېلىشىپتۇ. مېھرى دەرھال خوجاۋاپانى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ.

خوجاۋاپا شەھەرنى ياساپ ـ جابدۇتۇپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ، ئەمىر ۋە ئۆلىمالارنى يىغىپ، مېھرىنى نىكاھ قىلىپ ئاپتۇ ۋە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

ھەمىشە دۇئادا يادلاپ تۇرسىلا » دەپ شاھزادىلەر ئاتىسىدىن رۇخسەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا دۇئا قىلىپ رۇخسەت بېرىپتۇ ۋە خۇدايىتائاللاغا تاپشۇرۇپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپتۇ. شاھزادىلەر ئۇقيالىرىنى ئېسىپ شەھەردىن چىقىپ باياۋانغا راۋان بوپتۇ.

ئۇلار شۇ يۇر گىنىچە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئۈچ ئاچا يولنىڭ بېشىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا بىر مۇنار ياساپ قويۇلغانىكەن. مۇنارنىڭ بېشىغا بىر لەۋھە ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ ئۇنىڭغا « ھەر كىم بۇ يولنىڭ بېشىغا كەلسە ئوڭ تەرەپتىكى يولغا ماڭسا تېز كېلىدۇ، ئوتتۇرىدىكى يولغا ماڭسا تېز كەلمەيدۇ، سول تەرەپتىكى يولغا ماڭسا كېلىش ـ كەلمەسلىكىنى خۇدا بىلىدۇ » دەپ يېزىپ قويۇلغانىكەن.

« مەن ئوڭ تەرەپتىكى يولغا ماڭىمەن » دەپتۇ چوڭ شاھزادە.

« مەن ئوتتۇرىدىكى يولغا ماڭىمەن » دەپتۇ ئوتتۇرانچى شاھزادە.

« سىلەر ئاسان يوللارنى خالىدىڭلار. تەس يولنى ماڭا قويدۇڭلار، بوپتۇ، سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم » دەپ كىچىك شاھزادە بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

تەۋەككۈل ئەيلىدىم ئاسمان ـ زېمىننىڭ بىر خۇداسىغا،
بولۇپ تەسلىم ئۇنىڭ ھۆكمىگە ھەم تەقدىر ـ قازاسىغا.
تەۋەككۈل ئەيلىدىم ئۇ ـــ بارچە مەخلۇقات خۇداۋەندى،
جىمى بىچارىلەرنىڭ باشپاناھى رەھناماسىغا.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە مەلىك ھەسەن سول تەرەپتىكى يولغا كىرىپتۇ. ئۇ 91 كۈن يول يۈرۈپ، بىر يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئالدى تەرەپتە بويى ئاسمانغا تاقاشقان بىر يېشىل گۈمبەز كۆرۈنۈپتۇ. ئەتراپىدا كېيىكلەر ۋە ھەرخىل ۋەھشىي ھايۋانلار ئوتلاپ

ساراڭلاردەك بېشىغا كۆل، تۇپراقلارنى چېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇ ھالەتكە چۈشكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ. تاڭ ئاتقاندا بەگلەر ئالتۇن يالىتىلغان قەسىرنىڭ ئىشىكىگە كېلىشىپتۇ. ئەمما پادىشاھنى تېپىشالماپتۇ. ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىر ھامامنىڭ ئوتخانىسىدىن تاپقاندا قاراشسا، ساراڭ قىياپىتىگە كىرىپ كۆلگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىكەن. ھەممە بەگلەر ۋە ئەمىرلەر كېلىشىپ پادىشاھقا نەسىھەت قىلىشىپتۇ. ئەمما پادىشاھ ھېچقايسىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەپتۇ. بالىلىرى ھەرقانچە ھەرىكەت قىلىشىپ باققان بولسىمۇ كار قىلماپتۇ.

«ھەي پەرزەنتلىرىم! — دەپتۇ پادىشاھ، — مەن چۈشۈمدە زەررىن توخۇ دېگەن بىر جانىۋارنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. ئەمدى پادىشاھلىقنى سىلەرگە بەردىم، بېرىڭلار. مەزلۇملارنىڭ دادىغا يېتىڭلار. زالىملارغا سىياسەت قىلىڭلار، ئەمما ھەر يەردە بولساڭلار ھەقنى ئۇنتۇماڭلار!»

«ھەي بۇزرۇكۋار ئاتا، سىز ھايات تۇرۇپ بىزنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇشىمىزغا نېمە ھەددىمىز بولسۇن. بېرىپ ئۆزىڭىز ئولتۇرۇڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ دادىغا يېتىپ ئادالەت قىلىڭ. بىز ئۈچەيلەن جېنىمىزنىڭ بارىچە ئىزدەپ، زەررىن توخۇنى ئىنشائاللا تاپىمىز ياكى خەۋىرىنى كەلتۈرىمىز» دېيىشىپتۇ پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى.

پادىشاھقا بۇ سۆزلەر ماقۇل كېلىپ، بېرىپ تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادىلەر سەپەر تەييارلىقىنى كۆرۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادىلەر تولۇق تەييارلىنىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم قىپتۇ.

«ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا، سەپەرگە چىقىشنى خالايمىز. خۇدا يار بولسا مۇبارەك كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلغايمىز. سىلىنىڭ رازىلىقلىرى خۇدا ۋە رەسۇلىللارنىڭ رىزالىقىدۇر. بىزگە دۇئا قىلسىلا ئاتا ۋە

قىلىسەن؟» دەپ ۋارقىراپتۇ مەلىك ھەسەن.

«سەن تېخى سۆزلەۋاتامسەن؟» دەپ جادىگەر كەمپىر بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، مەلىك ھەسەننىڭ تىلى تۇتۇلۇپتۇ. مەلىك ھەسەن كۆڭلىدە: «ئۇلار مۇئەسلى كېپىنەك بولماي، بەلكى ماڭا ئوخشاش ئادەمزات ئىكەن، بۇ كەمپىر ئۇلارنى سېھىر بىلەن كېپىنەككە ئايلاندۇرۇپ قويغانىكەن ـ دە، ئەمدى تېزرەك كەتمىسەم بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ، گۈمبەزدىن چىققىنىچە يولغا راۋان بوپتۇ. ئەمما كېپىنەك سۈرىتىدە بولغىنىغا ناھايىتى غەمكىن ۋە مالال بولۇپ مېڭىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە ئون كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ ئاۋۋالقىدىن 100 ھەسسە ئالىي بولغان يەنە بىر گۈمبەزنىڭ قېشىغا بېرىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا شاراب، كاۋاپ ۋە باشقا ھەر خىل ئېسىل تائاملار تەييار تۇرغانىكەن. مەلىك ھەسەن شارابتىن ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرماقچى بوپتۇ. بۇ يەردىمۇ ئۈچ قىتىم «ھاي، بۇ شارابتىن ئىچمىگىن، ئاخىر پۇشايمان قىلىسەن» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. مەلىك ھەسەن قارىسا بىر ئېگىز راۋاق ئۈستىدە بىر نازىنىن قىز ئولتۇرغۇدەك. ئۇ قىز «كېپىنەك شاراب ئىچمەيتتى. ئەجەب بۇ كېپىنەك شاراب ئىچمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا مەلىك ھەسەن كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ ئۇ قىزغا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. «بۇ ئەسلىدە كېپىنەك ئەمەس ئىكەن. بۇ بىچارىنى مومام كېپىنەك سۈرىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىكەن ـ دە، ئەمدى مەن بۇنى ئەسلى سۈرىتىگە كەلتۈرۈپ باقايچۇ» دەپ ئويلىغان قىز بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، شاھزادە دەرھال ئەسلى ھالىتىگە قايتىپتۇ. قىز قارىسا ئاي يۈزلۈك، كۈن چىراي، بەخت يۇلتۇزىدەك گۈزەل بىر شاھزادە ئىكەن.

«قايسى دىياردىن بولىسىز يىگىت، كىمنىڭ پەرزەنتى بولىسىز؟» دەپ سوراپتۇ قىز. مەلىك ھەسەن «سۆزلەي دېسەم تىلىم يوق» دېگەندەك قىلىپ ئىشارەت قىپتۇ. شۇندا قىز قولىغا بىر

يۇر گەنىكەن. مەلىك ھەسەن كېپىكلەرنى ئۆۋلىماقچى بولۇپ ئوقيانى قولىغا ئالغان بولسىمۇ كېپىكلەر قاچماپتۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ پۇتىغا يۈزىنى سۈركەشكە باشلاپتۇ. مەلىك ھەسەن قارىسا كېپىكلەرنىڭ ھالى بىر-بىرىدىن خاراب ئىكەن.

«ھەي جانىۋارلار! ئوت يېمىدىڭلارمۇ؟ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟» دەپ ئىچ ئاغرىتىپتۇ ئۇ. كېپىكلەرنىڭ ھەممىسى يىغلىشىپتۇ. مەلىك ھەسەن ھەيران قاپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ گۈمبەزگە كىرىپتۇ. قارىسا گۈمبەزنىڭ ئىچى ناھايىتى چىرايلىق جابدۇلغان، شاراب، كاۋاپلار تەييارلاپ قويۇلغان، ئەمما بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەپتۇ. مەلىك ھەسەن «ئولتۇرۇشقا لازىملىق نەرسىلەر تەييارلاپ قويۇلۇپتۇ-يۇ. ئەجەب بۇ يەردە ئادەم يوق-ھە!» دەپ ئويلاپتۇ ۋە بىر جام شاراب ئىچمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىشىغا: «ھەي ئادەمزات قولۇڭنى تارت» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ، مەلىك ھەسەن ئەتراپقا قاراپ ھېچكىمنى كۆرەلمەپتۇ. يەنە شاراب ئىچمەكچى بولۇپ قولىنى سوزغانىكەن، يەنە بايىقىدەك ئاۋاز كەپتۇ. ئەتراپىغا قارىغان بولسىمۇ ھېچكىمنى كۆرەلمىگەن شاھزادە مەلىك ھەسەن شارابقا يەنە قول ئۇزىتىپتۇ، شۇ چاغدا يەنە: «ھەي ئەقىلسىز، بىراۋنىڭ شارابىنى نېمىدەپ ئىچىسەن؟» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. مەلىك ھەسەن قارىسا بېشى گۈمبەزدەك، ئاغزى خۇددى بىر غاردەك، بۇرنى خۇددى بىر كونا قەبرىدەك، ھەربىر تال چېچى خۇددى بىر ئارغامچىدەك ئېشىلىپ تولغىشىپ بويىنىغا چۈشكەن بىر كەمپىر كەپتۇ. مەلىك ھەسەن ئۇنىڭغا ئوق ئاتماقچى بولۇپ ئوقيانى قولىغا ئېلىشىغا، جادۇگەر كەمپىر كالپۇكىنى مىدىرلاتقانىكەن، مەلىك ھەسەن دۈم يىقىلىپتۇ-دە، كېپىك سۈرىتىگە كىرىپ قاپتۇ.

«ھەي كەمپىر! مەن ساڭا نېمە قىلدىم، نېمىشقا مېنى بۇنداق

سىپھرىگەرلەر ۋە دېۋىلەر بار. ئۇلاردىن قانداق قوتۇلارسەن؟ ئەگەر شاھزادە، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالمساڭ بېشىڭغا شۇنداق جاپا-مۇشەققەتلەر كېلىدۇكى، كۆپ ھەسرەت-نادامەت چېكىسەن، مېنى يادلىنىسەن، ئەمما ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل قىلىغىن شاھزادە، بىر نەچچە ۋاقىت بۇ يەردە تۇرايلى، ئاندىن كېيىن سېنىڭ شەھرىڭگە بارايلى، مېنى ئۆزۈڭگە نىكاھ قىلدۇرغىن، مەندىن ساڭا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق كېلىدۇ.»

جادۇگەر قىز ھەرقانچە يېلىنغان بولسىمۇ مەلىك ھەسەن قوبۇل قىلماپتۇ.

«جېنىم! — دەپتۇ ئۇ، — سەن ماڭا ئاتا-ئانامدىنمۇ مېھرىبانسەن، لېكىن بىز ئۈچ ئاكا-ئۇكا ئاتىمىزنىڭ ئالدىدىن بۇئىشقا بەل باغلاپ چىققاندۇق. ئاتام پۈتۈن يۇرت ئەھلى بىلەن بىللە بىزنىڭ يولىمىزغا تەلمۈرۈپ ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەن قانداقمۇ ئەيش-ئىشرەت قىلىپ ئولتۇرالايمەن؟» ئۇ شۇ سۆزنى ئېيتىپ يىغلاپ تاشلاپتۇ ۋە يەنە سۆزىنى داۋام قىپتۇ: «ئەمدى ماڭا رۇخسەت بەرگىن نازىنىن! مېنى خۇداغا تاپشۇرغىن، ئۇنى قولۇمغا كەلتۈرسەم، ئاتامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارسام، مۇراد-مەقسىتىمگە يەتسەم ئەجەب ئەمەس.»

قىز ئۇنىڭغا كۆنمەپتۇ. مەلىك ھەسەن نائىلاج شۇ سائەتتىلا ئۇنى نىكاھىغا ئاپتۇ ۋە شۇ يەردە يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە رۇخسەت سوراپتۇ:

«ئەگەر يەنە مېنىڭ يىل تۇرساممۇ ساڭا تويمايمەن. قانداق قىلاي، ئەمدى خالايىقلارنىڭ ئالدىدا مەردلىك دەۋاسى قىلىپ چىققاندىم. لېكىن مەرلىك بىلەن نامەردلىكنىڭ ئارىسى بىر قەدەم. ئەگەر ئۇ تەرەپتىن قايتىپ كەلسەم سېنى ھەرگىز تاشلىمايمەن. مەن سېنى ئۆز يۇرتۇمغا ئېلىپ بېرىپ، ئاتامنىڭ قېشىدا ئىززەت-ئىكرام بىلەن ھۆرمەت قىلىپ خىزمىتىڭدە بولىمەن.»

قۇتـا ئاپتۇ ـ دە، قۇتىدىن بىر نەرسىنى چىقىرىپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ شـاھزادىـگـە بـېرىپتۇ. شاھزادە شۇئان يۈز بۇلبۇل سايرىغاندەك تىلغا كىرىپتۇ ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

ئەرزىمنى ئاڭلا، ئەي داد خاھىم،
جەبىر ـ جاپاغا يوقتۇر ماجالىم.
سۆز قىلاي دېسەم، تىلىم تۇتۇلغان،
مەلۇمدۇر سىزگە ئەھۋالۇ ـ ھالىم.

مـەلـىـك ھەسـەن بـېـيـىـتـتىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋە ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى باشتىن ـ ئاخىر بايان قىپتۇ.

« ھەي شـاھزادە! ـــ دەپتۇ قىز، ـــ بۇ خىيالنى قىپسەن، لېكىن ئۇنـىڭغا يېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىيالدىن ۋاز كەچكىن. زەررىن تـوخـۇ دېگەن زەر شەھىرىدە، ئۇ شەھەر كۆيقاپ تېغىنىڭ ئېتىكىدە، شـۇنـداقلا ئۇ يـاۋايـىلار، دـىۋىلەر ۋە جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ماكانى. ئۇ يـەرگـە ئەزەلـدىن ئادەمزات قەدىمى يەتكەن ئەمەس. ئۇ يەردە دورىلىق ئۇچۇن بـىـر مـىـسـقـال ئادەم گۆشىنى مىڭ تىللاغا ئالىدۇ. بۇ ئىشتىن قـايـتـقـىن شاھزادە. مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئىككىلەن بىر يـەردە بولايلى، تېرىكلىكىمىزدە بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمايلى. بۇ ئىش ئادەمـنـىـڭ قـولـىـدىـن كېلىدىغان ئىش ئەمەس شاھزادە، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش، مىڭ جېنىڭ بولسا بىرىمۇ قۇتۇلمايدۇ. ھېلىقى يېشىل گـۇمبەزدىكى مېنىڭ مومام بولىدۇ. ئۇ جىمى سېھىرگەرلەرنىڭ ئانىسى. لـېـكـىن چوڭ سېھىرگەرنىڭ ئالدىدا ئۇ ھېچقانچە ئەمەس. شۇڭا يامان دېـۋىـلـەردـىـن قېچىپ ئاشۇ يەرنى ماكان قىلىۋالغان. سەن شۇنىڭغىمۇ ئاجـىـز كـېلىپ سۈرىتىڭ ئۆزگىرىپتۇ، مەن خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سـاڭـا رەھـىم قـىلىپ ئەسلى ھالىتىڭگە قايتۇردۇم. بۇنىڭدىن نېرىسىغا تـېـخـى نـەچـچـە تـۇرلۇك ئىت باش، ئېشەك باش، ئاجايىپ ـ غارايىپ

دەرەخكە قادىلىپتۇ. ئەجدىھا ئۆلۈپتۇ. شاھزادە دەرھال ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىۋاپتۇ ۋە گۆشىنى پارچىلاپ سۇمۇرغ باللىرىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ ئەمدىلا قولىنى بوشىتىپ دەرەخ سايىسىدا ياتقانىكەن، تۇيۇقسىز سۇمۇرغ ئۇچۇپ كەپتۇ، سۇمۇرغ ھەر قېتىم كەلگەندە باللىرىنىڭ ئاۋازىنى بىر چاقىرىم يىراقلىقتىن ئاڭلايدىكەن. بۇ گۈن ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمىغاچقا «باللىرىمنى يەنە ئەجدىھا يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئەندىشە قىلىپ كېلىپ قارىسا باللىرى ساق ـ سالامەت ئىكەن. چاڭگىلىدا ئەكەلگەن جانىۋارلارنى باللىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. سۇمۇرغنىڭ باللىرى ھەر كۈندىكىدەك چۇرقىرىشىپ كەتمەپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئەجدىھانىڭ گۆشىگە تويغانىكەن. سۇمۇرغ دەرەخنى ئايلىنىپ قارىسا بىر ئادەم ياتقۇدەك، سۇمۇرغ ئۇنى يەۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇمۇرغ باللىرى:

«ئۇ ئادەمگە تەگمىگىن ئانا، ئۇ ئادەم بىزگە چوڭ ياخشىلىق قىلدى» دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ.

«قانداق ياخشىلىق قىلدى؟» دەپ سوراپتۇ سۇمۇرغ، «بىزگە بىر ئەجدىھا قەست قىلغانىدى. بۇئادەم ئۇنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى بىزگە بەردى.»

سۇمۇرغ باللىرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاناتلىرىنى يېيىپتۇ. مەلىك ھەسەن كۆزىنى ئېچىپتۇ، لېكىن قورقۇپ كېتىپ كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ، بىر پەستىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ يەنە يۇمۇۋاپتۇ.

«ھەي ئادەمزات! كۆزۈڭنى ئاچ» دەپتۇ سۇمۇرغ.

شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىپتۇ. سۇمۇرغ جاۋاب سالام بېرىپتۇ ۋە دەپتۇ:

«بۇيەرگە ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتكەن ئەمەس. نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟»

« ھەي شاھزادە! ــ دەپتۇ جادۇگەر قىز، ــ سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىدىڭ، خەير ئەمدى، بۇيەردىن چىقىپ، قىرىق كۈندە بىر تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارىسەن. ئۇيەردە بىر چوڭ چىنار بار. ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە سۇمۇرغ دېگەن قۇش ھەر يىلى بالا چىقىرىدۇ. ئەمما بالىسىنى ھەر نورۇز كۈنى ئەجدىھا يەپ كېتىدۇ، نورۇز ۋاقتى يېقىنلاشقاندا دەل شۇيەرگە يېتىپ بارساڭ، ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ سۇمۇرغ بىلەن ئاشنا بولساڭ، ئۇنىڭ مەدەت قىلىشى بىلەن زەررىن توخۇنى قولغا كەلتۈرسەڭ ئەجەب ئەمەس. يولدا تىلسىم بىلەن بەرپا قىلىنغان يەتتە دەريا بار. سۇمۇرغ شۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ قويالايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زەررىن توخۇ قولغا كېلىدۇ. ئۇ يەتتە دەريا مۇنۇلار: بىرىنچىسى ئوت دەرياسى، ئىككىنچى سۇ دەرياسى، ئۈچىنچى تۇپراق دەرياسى، تۆتىنچى بوران دەرياسى، بەشىنچى توپان دەرياسى، ئالتىنچى سماب دەرياسى، يەتتىنچى زۇلمەت دەرياسى. مۇشۇ دەريالاردىن ئۆتۈپ زەر شەھىرىگە بارساڭ، زەررىن توخۇنى تاپالايسەن شاھزادە.»

شۇ سۆزدىن كېيىن شاھزادە قىز بىلەن خەيرلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ ۋە نەچچە ـ نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بىر تاغ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا بىر يوغان دەرەخ بار ئىكەن، ئۇ دەرەخ شاخلىرى ئاسمانغا تاقاشقان، ئەگەر قىرىق كىشى قۇچاقلىسا قوللىرى يەتمىگۇدەك دەرەخ ئىكەن. شاھزادە ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. يولنىڭ كۆلپەتلىرىدىن ھېرىپ ھالى قالمىغان شاھزادە « ئەمدى بۇ دەرەخ تۈۋىدە بىرەر سائەت يېتىپ ئارام ئالاي» دەپ بېشىنى يەرگە قويۇپ، تېخى كۆزى ئۇيقۇغا بارمىغانىكەن، سۇمۇرغنىڭ بالىلىرى پەرياد قىلىشقا باشلاپتۇ. شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ دەرەخ تۈۋىگە قارىسا، چوڭ بىر ئەجدىھا دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك. شاھزادە دەرھال چاچراپ تۇرۇپ ئوقياسىنى قولغا ئېلىپ « ئاللاھۇئەكبەر» دەپ بىر ئوق ئاتقانىكەن، ئاتقان ئوقى ئەجدىھانىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ

ئۇلاردىن ئۆتكۈچە مېنىڭ ئۇچامدا ئولتۇرغىن. بۇ گۆش بىلەن سۇنى ئۆزۈڭ مەھكەم تۇتقىن. ھەر بىر دەرياغا يېتىپ بارغاندا ئوڭ تەرىپىمگە قارىسام گۆش، سول تەرىپىمگە قارىسام سۇ بەرگىن» دەپ سۇمۇرغ يەتتە تۇلۇمدىكى سۇ بىلەن گۆشنى شاھزادىگە تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئۇچىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھاۋاغا پەرۋاز قىپتۇ. ئۇ شۇنداق تېز ئۇچۇپتۇكى بىر پەستە ئەك كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

«تۆۋەن قاراپ باققىن شاھزادە، يەر قانچىلىك كۆرۈنىۋاتىدۇ» دەپ سوراپتۇ سۇمۇرغ.

«يەر يۇزى بىر شەھەردەك كۆرۈنىۋاتىدۇ» دەپتۇ شاھزادە تۆۋەنگە قاراپ.

«پەس ئۇچۇپتىمەن» دەپتۇ سۇمۇرغ ۋە يەنىمۇ ئېگىزرەك پەرۋاز قىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

«ئەمدى قانچىلىك كۆرۈنىۋاتىدۇ؟»

«بىر سۇپىدەك كۆرۈنىۋاتىدۇ.»

«يەنە پەس ئۇچۇپتىمەن» دەپ سۇمۇرغ تېخىمۇ ئېگىز ئۇچۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ.

«تەييار تۇرغىن شاھزادە، ئەمدى ئۇ تىلسىمات دەريالىرىغا يېتىپ كەپتىمىز. خۇدانىڭ ئىسمى ئەزەملىرىنى ئوقۇپ ئۆزۈڭگە دەم سالغىن. بۇ جاي شۇنداق بىر جايكى، بۇ يەردە مىڭ جان بىر ئارپىغا باراۋەر» دەپ سۇمرۇغ تېخىمۇ تېز ئۇچۇپتۇ ۋە ئوت دەرياسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ يەردە ئوتنىڭ ھارارىتىدىن پۈتۈن ئالەم قىزىپ كەتكەنىكەن، ئوت يالقۇنى خۇددى سۇمۇرغنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغاندەك ئۆرلەيدىكەن. لېكىن سۇمۇرغ ئۇ يەردىن تېز ئۇچۇپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. كېتىۋېتىپ سۇمۇرغ ئوڭ تەرەپكە قارىغانىكەن، شاھزادە ئۇنىڭ ئاغزىغا گۆش ساپتۇ. سول تەرەپكە قارىغانىكەن، ئاغزىغا سۇ

شاھزادە بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن ـ ئاخىر ىغىچە بايان قىپتۇ ۋە ئاخىردا شۇنداق دەپتۇ:

«ئەي قۇشلار پادىشاھى، يولدا كۆپ جاپالارنى تارتقان بولسامۇ ئاخىر سىز بىلەن ئۇچراشتىم. ئەمدى سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن زەررىن توخۇنى قولغا كەلتۈرسەم ئىدى دېگەن ئۈمىدتىمەن.»

«ئەي شاھزادە! — دەپتۇ سۇمۇرغ، — مېنىڭ نەسىھىتىمنى قوبۇل قىلىپ، بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچكىن. زەررىن توخۇ زەر شەھىرىدە، ئۇ شەھەر دېۋە پەرى، جىنلارنىڭ ماكانى، ئۇ يەردە ئادەم گۆشى دورىلىققا تېپىلمايدۇ. بۇيەردىن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قېشىغا قايتىپ كەت.»

«ئەي قۇشلار پادىشاھى! بۇ گوْن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كەپتىمەن، مۇراد ـ مەقسىتىمگە سىز يەتكۈزىسىز ئەمدى!» دەپ شاھزادە زار ـ زار يىغلاپتۇ.

سۇمۇرغنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ:

«ئۇنداق بولسا بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەڭ مەندىن كۆرمەي خۇدادىن كۆرگىن. نەسىھىتىمنى لايىقىدا قوبۇل قىلمىدىڭ. بوپتۇ، مەنمۇ سېنىڭ ياخشىلىقىڭنىڭ لايىقىدا بىر ياخشىلىق قىلاي» دەپ سۇمۇرغ يول جابدۇقىنى راسلاش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېتىپ بىر سائەتتىن كېيىن ئىككى بۇغا تۇتۇپ كەپتۇ ۋە شاھزادىگە:

«بۇلارنىڭ تېرىسىنى ئېھتىيات بىلەن تۇلۇمچە سويغىن، تېشىلىپ كەتمىسۇن» دەپتۇ.

شاھزادە دەرھال سويۇپ ئالدىدا قويۇپتۇ. ئەتىسى يەنە ئىككىنى تۇتۇپ كەپتۇ، ئۇنىمۇ شۇنداق تۇلۇمچە سويۇپتۇ. ھەممىسى بولۇپ يەتتە بۇغا تۇتۇپ كەپتۇ. ھەممىسنى تۇلۇم قىلىپ گۆش ۋە سۇ توشقۇزۇپتۇ.

«بۇ يەتتە دەريانى جادۇگەرلەر سېھىر بىلەن بەرپا قىلغان.

قاناتلىرىنى سىپىغانىكەن، شاھزادىنىڭ يوتىسى شۇ زاماتلا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

«سېنچىلاپ قارىغىن شاھزادە، نېمىنى كۆرۈۋاتىسەن؟» دەپتۇ سۇمۇرغ.

شاھزادە سىنچىلاپ قارىسا پەشتاق ۋە راۋاقلىرى پۈتۈنلەي ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان ئىمارەتلەر تۇرغۇدەك.

«ئەمدى ئۇچامدىن چۈشكىن، ــ دەپتۇ سۇمۇرغ، ــ بەخت ـ تەلەي ساڭا يار بولدى، سائادەتمەن ئىكەنسەن. بۇ كۆرۈنۈۋاتقان زەرر شەھىرى كۆھىقاپقا قارايدۇ. بۇ شەھبال شاھرۇخنىڭ شەھىرى.

شاھزادە سۇمۇرغدىن چۈشۈپ شەھەرگە قارىسا ھېچبىر ئۇچار ـ قانات ئۇچمىغۇدەك، ھېچبىر تىرىك جان ھەرىكەت قىلمىغۇدەك.

«دەل ۋاقتىدا كەپسىز شاھزادە! ــ راستىنلا ئامىتىڭ بار ئىكەن. بۇ شەھەر ئىچىدىكى دىۋە، جىن ـ شاياتۇنلار قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ھازىر ئۇلار ئۇيقۇدا ئىكەن. ئۇلار ئۇخلىغان چاغدا تېنىنى بىغىش ـ بىغىشىدىن چىپىپ پارچىلىۋەتسىمۇ ھەرگىز ئويغانمايدۇ. ئەمدى بارغىن، سېنى خۇدايىتائاللاغا تاپشۇردۇم. زەرر شەھىرىگە كىرىپ، زەرىرىن توخۇنى ئېلىپ چىققىن. سەن كەلگۈچە مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىمەن.»

شاھزادە سۇمۇرغنىڭ قېشىدىن شەھەرگە قاراپ راۋان بوپتۇ. زەرر شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېرىپ قارىسا، دەرۋازىۋەن قولىغا تاياق تۇتقان ھالدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ يەردىن بازارغا كىرىپ قارىسا قاسساپلا قولىدا پىچاق ۋە گۆش تۇتقان ھالدا، باشقا ھەر خىل ھۈنەرۋەن كاسىپلار ئۆز دۇكانلىرىدا ئۇخلاپ قالغانىكەن. شاھزادە خەلقىنىڭ بۇنداق ئەھۋالىنى كۆرۈپ «خۇدايىتائاللا بۇلارغا بۇنداق ئۇيقۇ بەرگەنىكەن ـ ھە» دەپ ئويلاپ ئۇيەردىن ئۆتۈپ، چارسۇغا

قوُيوُپتوُ. سوُموُرغ تېخىمۇ قۇۋۋەتلىنىپ ئوت دەرياسىدىن ئۇچۇپ ئۆتتۇپتۇ. ئۇ جايدىن ئۆتۈپ بولۇپ كېتىۋېتىپ يەنە بىر جايغا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا پۈتۈن ئالەمنى قاپلىغان تاراق - تۇرۇق ئاۋاز بىلەن تاغلار، تاغقا، تاشلار تاشقا ئۇرۇلۇۋاتقۇدەك، شىددىتى ئالەمگە تارقىغان بۇ ئاۋاز سۇ دەرياسىدىن چىققانىكەن. سوُموُرغ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا تاقىتى - تاق بولۇپ ئۇڭ تەرىپىگە قارىغانىكەن، شاھزادە گۆش بېرىپتۇ، سول تەرىپىگە قارىغانىكەن سۇ بېرىپتۇ. مانا شۇ تەرىقىدە ئالتە دەريادىن ئۆتۈپ يەتتىنچى دەرياغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ زۇلمەت دەرياسى ئىكەن. بۇ دەريا شۇنداق قاراڭغۇ ئىكەنكى، كىشىنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىكەن. سوُموُرغنىڭ ئۇچۇشى سەل ئاستىلاپ قالغانىكەن ئۇڭ تەرەپكە قاراپتۇ، شاھزادە بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ سوُموُرغنىڭ ئاغزىغا تەڭلىگەنىكەن، قاراڭغۇدا خاتا كېتىپ گۆش شاھزادىنىڭ قولىدىن يەرنىڭ قەرىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە ھەيران بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. قارىسا سوُمرۇغ ئۇڭ تەرەپكە قاراۋېرىپتۇ ۋە ئۇچۇشى بارغانسېرى ئاستىلاپ قاپتۇ. شاھزادە دەرھال يېنىدىن پىچاقنى چىقىرىپ يوتىسىدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىپلا سوُموُرغنىڭ ئاغزىغا ساپتۇ. سوُموُرغ سول تەرەپكە قارىغانىكەن ئاغزىغا بىر تولۇم سۇ قويۇپتۇ. سوُموُرغ ماغدۇرلىنىپ بۇ دەريادىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ بىر تاغ بېشىغا قونۇپتۇ. شاھزادە قارىسا سوُموُرغنىڭ ھەر بىر تال پەيىنىڭ تۈۋىدىن بىر ئېرىق سۇ ئېقىۋېتىپتۇ.

«ھەي شاھزادە، كېيىن بىر پارچە گۆشنى بەرگەنىدىڭ، قانداق گۆش ئىدى ئۇ؟» دەپ سوراپتۇ سوُموُرغ.

«بىر پارچە گۆشنى ئاغزىڭغا سالاي دېسەم خاتا كېتىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى، نائىلاج يوتامدىن كېسىپ ئاغزىڭغا سالغانىدىم» دەپتۇ شاھزادە.

سوُموُرغ گۆشنى دەرھال ياندۇرۇپ، ئورنىغا قويۇپ

سۆيۈش ئۇچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەنىكەن شۇ ھامان: «ھاي بىنەدەپ!» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. شاھزادە قانچە قارىسىمۇ ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ «مەلىكىدىن كۆڭلۈمنى خۇش قىلىمەن» دەپ ئۈچ-تۆت قېتىم قەستلىگەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم ھېلىقى «ھاي بىنەدەپ!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىۋېرىپتۇ، شاھزادە تۆت ئەتراپقا قاراپ ھېچكىمنى كۆرمىگەنلىكتىن ئۇستىگە قارىسا زەررىن توخۇ قەپەس ئىچىدە ئولتۇرغانىكەن. شاھزادە خۇشال بولۇپ كېتىپ دەرھال ئۇنىڭغا قول ئۇزىتىپتۇ.

«ھەي يىگىت، مېنى تۇتمىغىن، نېرى تۇر! بىكار بىر ۋارقىرايمەن، بۇ ئۇخلاۋاتقانلار ئويغىنىپ سېنى پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ!» دەپتۇ زەررىن توخۇ.

«ھەي زەررىن توخۇ، بىر ياشنىپ قالغان ئاتام بار، ناھايىتى دۆلەتلىك ئادەم. بىر كېچىسى چۈشىدە سېنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، مەن شۇنچە كۆپ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئۇ بىچارىنىڭ ھالىغا رەھىم قىلساڭ نېمە بولىدۇ!» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

«ھەي شاھزادە، بۇ نازىنىن قىز شەھبال شاھرۇخنىڭ قىزى. پۈتۈن كۈھقاپ ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنىدۇ. ئۇ ماڭا ئاشىق، بىر دەممۇ مەندىن ئايرىلمايدۇ، مەندىن باشقا كىشىگە سۆز قىلمايدۇ. بۇنداق مەلىكىنى تاشلاپ ئادەمزاتنىڭ قېشىغا بارىمەنمۇ؟ ئادەمزات بىۋاپا كېلىدۇ. ۋاپادار بولغانلىقى ئۈچۈن پەرىزاتنىڭ ئېتىكىنى تۇتتۇم ئەمەسمۇ؟ شاھزادە، سېنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىشىڭ قىيىن. ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيال، بۇ خىيالنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكىن» دەپتۇ زەررىن توخۇ. شاھزادە نائۇمىد بولۇپ يىغلاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

«ئەگەر تىرىكلا بولىدىكەنمەن، خىزمەتكارىڭ بولاي» دەپ ۋەدە قىپتۇ ۋە يەنە يالۋۇرۇپتۇ:

بارسا، ئۇ يەر ھەممە دۇكانلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن قىلىنغان ئاجايىپ بىر بازار ئىكەن. شاھزادە چارسۇدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر پەس يول يۈرگەندىن كېيىن، شەھەر كوچىسىدىكى يېشىل زۇمرەتتىن قىلىنغان ئېگىز بىر دەرۋازىغا دۇچ كەپتۇ. شاھزادە «پادىشاھنىڭ دەرۋازىسى مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ دەرۋازىدىن كىرىپتۇ. بۇ شەھبال شاھرۇخنىڭ قەسرى ئىكەن. شەھبال شاھرۇخ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. شاھزادە قارىسا، دەرۋازا ئالدىدا مىڭ تۈرلۈك دىۋىلەر ياتقانىكەن. شاھزادە ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئالغا مېڭىۋەرگەنىكەن، يەنە بىر دەرۋازىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا ئۇمۇ بىر قەسىر ئىكەن. ئۇ قەسىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا يۈز خىل لەئلى ياقۇت، گۆھەر بىلەن كۆز قويۇپ جابدۇلغان بىر تەخت تۇرغۇدەك. تەخت ئەتراپىدا يۈز پەرىزات ياتقانىكەن. شاھزادە ئۇلارغا قاراپ زوقلىنىپتۇ، شەھبال شاھرۇخ تەخت ئۈستىدە يۈزىگە قارا پەردە ياپقان ھالدا يېتىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. شاھزادە ھەرقانچە قارىسىمۇ زەررىچە تونۇنى كۆرەلمەپتۇ. ئۇ غەمكىن بولۇپ تەختنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قارىسا بىر دېرىزە بار ئىكەن، شاھزادە دېرىزىنى ئېچىپتۇ، شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا بىر چاھارباغ نامايان بوپتۇ. بۇ «گۈلىستان ھەرەم» ئىسىملىك باغ ئىكەن، باغنىڭ ئىچىدە 12 كۆل ۋە 12 بوستان رەتلىك جايلاشقانىكەن. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە بىر قەسىرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردىمۇ بىر تەخت بولۇپ، بىر پەرىزات تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقانىكەن. شىشىلەردە شارابلار، تەخسىلەردە كاۋاپلار، قەندەللەردە ناۋاتلار تەييار ھالدا تىزىپ قويۇلغانىكەن. شاھزادە بىر شىشە شاراب ئىچىپ، سەل كەيىپ بوپتۇ ـ دە، بۇ ياتقان نازىنىنلاردىن بىرىنى سۆيمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە «ئىسىلساڭ ئېگىز دارغا ئېسىل» دېگەن گەپ بار، كۇھىقاپ مەلىكىسى تەخت ئۈستىدە يېتىپتۇ، سۆيسەم شۇنى سۆيەي، ھەرنېمە بولسا شۇنىڭدىن بولسۇن» دەپ مەلىكىنى

بارامسەن ـ يوقمۇ ؟ » دەپ سوراپتۇ سۇمۇرغ .
« ھەي قۇشلار پادىشاھى ! مەن مۇشۇ زەررىن توخۇ ئۈچۈن شۇنچىۋالا جاپالارنى تارتقان تۇرسام ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى ؟ » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە . سۇمۇرغ « ئۇنداق بولسا يول جابدۇقىنى راسلاي » دەپ ئاۋۋالقىدەكلا سۇ ۋە گۆش تەييار قىپتۇ ۋە ئۇلارنى كۆتۈرۈپ شۇنداق پەرۋاز قىپتۇكى ، دۇنيا كۆزگە كۆرۈنمەپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن دەريا تەرىپكە راۋان بوپتۇ .
سۇمۇرغ ئۇلارنى كۆتۈرۈپ يەتتە دەريادىن ئۆتۈپتۇ ۋە ئۆز چاڭگىسىغا قونۇپ شاھزادە بىلەن زەررىن توخۇنى يەرگە قويۇپتۇ .
« ئەي شاھزادە ! — دەپتۇ سۇمۇرغ شاھزادىگە قاراپ ، — بۇ زەررىن توخۇنىڭ قەدرىنى بىلگىن ، قىلچىمۇ رەنجىتمىگىن ، ئۇ نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى قىلغىن » . « سەنمۇ مالال بولما ، — دەپتۇ زەررىن توخۇغا قاراپ ، — بۇ شاھزادە مېنىڭ پەرزەنتىم بولدۇ ، سېنى پەرزەنتىمگە ھەمراھ قىلىپ ماڭدۇردۇم ، سەن ئۇنىڭغا ئۇلپەت بولغىن . »
« بۇ ناھايىتى نازۇك قۇش . بۇنىڭغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن » دەپتۇ ئۇ يەنە شاھزادىگە ۋە ئۆزىنىڭ بىر تال پېيىنى يۇلۇپ بېرىپ ، « بۇنى بېشىڭغا قادىۋالغىن ، بىر كۈنلۈك يەرگە سايىسى چۈشىدۇ » دەپتۇ .
شۇنداق قىلىپ ئۇلار يولغا راۋان بوپتۇ ۋە بىرنەچچە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ جادۇگەر مەلىكىنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ . مەلىكە ئۇنىڭغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانىكەن ، ئۇلارنى يىراقتىن كۆرۈپ ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن گۈمبەزگە ئېلىپ كىرىپتۇ . ئۇلار سالامەت يېتىپ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپتۇ .
جادۇگەر مەلىكە شاھزادىگە بىر ئوقيا ۋە ئوق بېرىپتۇ ھەم

« ھەي نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلاي، ئاتا ـ ئانام، ئاكىلىرىم ۋە بالا ـ چاقىلىرىم ھەممىسى سېنىڭ خىزمەتكارىڭ بولسۇن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سېنى پادىشاھ قىلاي. ھەر كىمنى ئازاد قىلساڭ ۋە جازالىساڭ ياكى ئۆلتۈرسەڭ سېنىڭ ئىختىيارىڭچە بولسۇن.»

شاھزادىنىڭ بۇ نالە ـ زارلىرىنى ئاڭلىغان زەررىن توخۇ ئاخىر شۇنداق دەپتۇ:

« ئۇنداق بولسا، سەن ئالدى بىلەن مەلىكىنى قولۇڭغا كىر گۈزگىن، مەلىكىنىڭ ئۈزۈكىنى ئېلىپ قولۇڭغا سالغىن ۋە ئۆز ئۈزۈكىڭنى مەلىكىنىڭ قولىغا سالغىن.»

شاھزادە خۇشال بوپتۇ ۋە سوراپتۇ:

« مۇبادا مەلىكە ئويغىنىپ قالسا قانداق قىلىمەن ؟ »

« بۇ تائىپەنى ئۇخلاۋاتقان چېغىدا چېپىپ پارچىلىۋەتسىمۇ ئويغانمايدۇ. ئىشىڭغا تۇتۇش قىلغىن شاھزادە، قورقما.»

شاھزادە يېقىن كەپتۇ. زەر يىپ بىلەن توقۇلغان پەردىنى مەلىكىنىڭ يۈزىدىن كۆتۈرۈپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ جامالىغا قارىغىنىچە مەھلىيا بوپتۇ، شاھزادە قىزنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قولىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى خوتۇنلۇق دۇنياسىغا ئۈزىتىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى مەلىكىنىڭ قولىغا سېلىپ مەلىكىنىڭ ئۈزۈكىنى ئۆز قولىغا سالپتۇ. زەررىن توخۇ شاھزادىنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئاپىرىپ ئوقۇپ كۈلۈپ كەتكەنىكەن، ئاغزىدىن دەستە ـ دەستە گۈللەر چېچىلىپ، قەسىرنىڭ ئىچى خۇش پۇراققا تولۇپتۇ. زەررىن توخۇ ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىپتۇ. شاھزادە خۇشال بولۇپ ئالتۇن توخۇنى قەپەس بىلەنلا ئېلىپ تەختتىن چۈشۈپتۇ ـ دە، دەرۋازىدىن چىقىپ ئۇدۇل سۇمۇرغ قېشىغا كەپتۇ. لېكىن زەررىن توخۇ مەلىكىدىن ئايرىلغىنىغا غەمكىن ئىكەن.

« ئەمدى مۇرادىڭ ھاسىل بوپتۇ، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قېشىغا

بولمغاي» دەپ ئويلىنىپتۇ.
جادۇگەر كەمپىر يىگىتنىڭ نىشانلىرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچماقچى بوپتۇ، شاھزادە خۇدايىتائاللانى ياد ئېتىپ، بىر ئوق ئاتقانىكەن، كەمپىرنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ ئارقىسىدىن چىقىپتۇ. جىنى جەھەننەمگە كېتىپتۇ. جادۇگەر كەمپىر ئۆلۈشى بىلەنلا پۈتۈن ئالەم قاراڭغۇلۇق بولۇپ كېتىپتۇ. بىر پەستىن كېيىن ئالەم روشەنلەشكەندە شاھزادە قارىسا بىر قانجۇق ئىت ئۆلۈپ ياتقۇدەك. گۈمبەز كۆزدىن غايىب بوپتۇ. گۈمبەز ئىچىدىكى ئەشيالارنىڭ ھەممىسى ئىزسىز يوقاپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئۇ جادۇگەر كەمپىرنىڭ بالاسىدىن قۇتۇلۇپتۇ. بۇ يول ئېتىلىپ قالغىلى كۆپ يىللار بولغانىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يول ئېچىلىپتۇ. جادۇگەر مەلىكە سېھىر بىلەن كېيىككە ئايلانغان ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىن يۇرتىنىڭ شاھزادىلىرى ئىكەن. مەلىك ھەسەن جادۇگەر مەلىكە بىلەن زەررىن توخۇنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ ۋە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاۋۋالقى ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئايرىلغان يەردىكى مۇنار تۈۋىگە يېتىپ كېلىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، تۇيۇقسىز ئۇڭ تەرەپتىكى يولدىن بىر ئادەم پەيدا بولۇپ يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە مەلىك ھەسەن زەن سېلىپ قارىسا چوڭ ئاكىسى ئىكەن. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. چوڭ ئاكىسى مەلىك ھەسەننى تونۇپ ئۇنىڭ مەلىكە ۋە زەررىن توخۇنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن ئوتتۇرانچى ئاكىسى يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشۈپتۇ، ئۇمۇ ئۇسسۇز ۋە ئاچ ئىكەن. ئۇنىمۇ تويغۇزۇپتۇ. ئاندىن بۇ ئۈچ شاھزادە بىلەن مەلىكە يولغا چۈشۈپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىككى شاھزادە مەسلىھەتلىشىپ: «بىز ئۈچەيلەن يولغا تەڭ چىققانىدۇق، بۇ دۆلەت مەلىك ھەسەنگە نېسىپ بولۇپ، زەررىن توخۇ بىلەن مەلىكىنى

شۇنداق دەپتۇ:

«بۇ ئوقنى ھەرقانداق نەرسىگە ئاتساڭ ئوقى خاتا كەتمەيدۇ. كۆڭلۈڭدە ھەي ئوقۇم پالانى نەرسىگە تەگكىن دېگەنچىلىك بىر گەپنى نىيەت قىلساڭ ئوقۇڭ مەغرىپتىن مەشرىققە يېتىپ بېرىپ ئاشۇ نىيەت قىلغان نەرسىگە تېگىدۇ.»

شاھزادە ئوقيانى يېنىغا ئېسىپتۇ، جادۇگەر مەلىكە بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ.

«ھېلىقى كەمپىر مېنىڭ مومام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىغا ئوق تەگمىسە ھەر ئىككىمىز قۇتۇلالمايمىز. چېنەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئاتقىن» دەپتۇ جادۇگەر مەلىكە يولدا كېتىۋېتىپ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار نەچچە كۈنلەردىن كېيىن جادۇگەر كەمپىرنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا كېپىكلەر خار-زار بولۇپ يېتىشقانىكەن. بۇ چاغدا جادۇگەر مەلىكە قورقۇشقا باشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپتۇ.

«ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

«سەن بىلمەيسەن شاھزادە، سەۋەبىنى ئۆزۈم بىلىمەن. شۇنداق ئاتقىنىڭى ئوقۇڭ ھەرگىز خاتا كەتمىسۇن. ئەگەر ئوق خاتا كېتىپ قالسا سەن بىلەن مېنىڭ جېنىمىز ئامان قالمايدۇ. تەييار بولغىن شاھزادە! سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم، ئىسمى ئەزەم ئوقۇپ ئۆزۈڭگە دەم سالغىن» دەپتۇ جادۇگەر مەلىكە. شاھزادە ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىپ گۈمبەزگە كىرىپتۇ. جادۇگەر كەمپىرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈشى بىلەنلا:

«سېنى كىم ئۆز ھالىڭغا كەلتۈردى؟» دەپ سوراپتۇ ۋە ئۆزىچە: «بۇرۇن ئۆتكەن مۇنەججىملەر، ئادەم پەرزەنتىدىن بىر يىگىت كېلىپ كۈھقاپقا بېرىپ زەررىن توخۇنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ كىشى قىزىڭنى ئالىدۇ، سېنى ئۆلتۈرىدۇ، دېگەنىدى. شۇ يىگىت مۇشۇ

كېتىۋاتسا ئالدىدىن بىر ئاقساقال بوۋاي قولىدا ھاسا تۇتقان ھالدا چىقىپ كەپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭغا سالام قىپتۇ.

« قىزىم نەدىن كېلىۋاتىسىز، قايسى يۇرتتىن بولىسىز ؟ » دەپ سوراپتۇ بوۋاي مەلىكىدىن. مەلىكە خۇددى باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار-زار يىغلاپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

« ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا، مېنىڭ بىر جۈپتۈم بار ئىدى، ئىسمى مەلىك ھەسەن ئىدى. نىشاپۇر پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنى ئاكىلىرى مۇشۇ يول ئۈستىدە نابۇت قىلدى » دەپتۇ.

« قىزىم، مەن بىر ئىبادەتخانا بىنا قىلغانمەن، مېنىڭ بىر خوتۇنۇم ۋە بىر قىزىم بار، سېنى بالا قىلىۋالاي، ئۇلار نېمە يېسە شۇنى يېگىن، نېمە كىيسە شۇنى كىيگىن، تولا غەمكىن بولما. خۇدايىم بۇيرىسا تېز ئارىدا سېنى جۈپتۈڭگە يەتكۈزۈپ قويىمەن. » دەپتۇ بوۋاي.

مەلىكە ئۇ بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ماكانىغا بېرىپتۇ. لېكىن كېچە-كۈندۈز مەلىك ھەسەندىن ئايرىلغىنىغا خاپا بولۇپ يىغلايدىكەن.

ئۇ شاھزادىلەرمۇ زەررىن توخۇنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ ۋە بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن نىشاپۇر دىيارىغا يېتىپ بېرىپتۇ-دە، زەررىن توخۇنى ئاتىسىغا تارتۇق قىلىپ:

« ئاتا، بۇ زەررىن توخۇنى ئىككىمىز ئېلىپ كەلدۇق، سىزنى بىز مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزدۇق » دەپتۇ. لېكىن پادىشاھ ئوغلى مەلىك ھەسەننى ئەسلەپ يىغلايدىكەن. ئۇلار پادىشاھنىڭ يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىسا جاۋاب بەرمەيدىكەن ۋە ھەمىشەم غەم-ئەندىشە قىلىدىكەن.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ.

كوھىقاپ مەلىكىسى — شەھبال شاھرۇخنىڭ قىزى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئايىغى قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ ۋە زەررىن توخۇ

ئۇ ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى ۋە ئاتىمىزغا بىرنەپ زەررىن توخۇنى بىز ئېلىپ كەلدۇق، جادۇگەرنى بىز ئۆلتۈردۇق دېسەك، ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا ئابرۇيلۇق بولىمىز» دېگەن پىكىرگە كېلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يول يۈرۈپ، بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. چوڭ شاھزادە قۇدۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ «ئۇكىلىرىم، قاراڭلار، بۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى نېمە؟» دەپتۇ. مەلىك ھەسەن قۇدۇقنىڭ لېۋىگە شۇنداق كېلىشىگە ئىككىسى ئۇنى تۇتۇپلا قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، زەررىن توخۇ بىلەن مەلىكىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. مەلىكە پەرياد قىلىپ «ھەي مۇناپىقلار، نېمىشقا بۇنداق قىلىسىلەر؟» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ئۇلار «ئەگەر سۆزىمىزنى تىڭشىمايدىغان بولساڭ سېنىمۇ ئۆلتۈرىمىز» دەپ قورقۇتۇپتۇ. مەلىكە «ئەگەر ئۇلارنىڭ سۆزىگە كۆنمىسەم مېنىمۇ ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ، نائىلاج «ماڭا 40 كۈن مۆھلەت بېرىڭلار، ئاندىن كېيىن نېمە دېسەڭلار شۇنداق بولسۇن» دەپتۇ. ئەمما كۆڭلىدە «40 كۈنگىچە شاھزادە قۇدۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقسا ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىمەن» دەپ ئويلاپ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۇ بەتنىيەتلەرگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىپتۇ. ئۇ ئىككىيلەن يەنە ئويلاپ كۆرۈپ: «بۇ جادۇگەر مەلىكىنى ئاتىمىزنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىش ياخشى ئەمەس، مۇبادا ئاتىمىزنىڭ قېشىغا بارغاندا بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىپ قويسا بىز رەسۋا بولىمىز. ياخشىسى ئۇنى ھەيدىۋېتەيلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە مەلىكىگە: «نەنى خالىساڭ شۇيەرگە كەت» دەپتۇ. مەلىكە مەلىك ھەسەندىن ئايرىلغىنىغا ئاھ تارتىپ يىغلاپتۇ ۋە بىر باياۋان تەرەپكە يول ئاپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ خۇداغا زارلاپ يىغلاپتۇ:

«ئەي خۇدا، مېنى مەقسىتىمگە يەتكۈزگىن، مەلىك ھەسەننى ساڭا تاپشۇردۇم. ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن.» مەلىك ھەسەنمۇ قۇدۇق ئىچىدە مۇناجات قىلىدىكەن، مەلىكە ئەنە شۇنداق يىغلاپ

ئىككى شاھزادە قارىسا پۈتۈن شەھەرنى دىۋە ـ پەرىلەر قاپلاپ كەتكەن. ئۇلار قورقۇپ كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ.

« ئەي شاھزادىلەر، كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار، بىزگە قاراڭلار! سىلەردىن بىر سۆزنى سورايمەن. راستلىق بىلەن جاۋاب بېرىڭلار. ئەگەر جاۋاب بەرمىسەڭلار، سىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ ۋۇجۇدۇڭلارنى قۇرۇتىۋېتىمەن » دەپتۇ كۈھقاپ مەلىكىسى ۋە يەنە سوراپتۇ:

« مەلىك ھەسەننى زەر شەھرىگە كىم ئېلىپ باردى؟ زەررىن تۇخۇنى كىم ئېلىپ كەلدى؟ مېنىڭ ئۇنىڭغا ئەرزىم بار ۋە بىر مەخپىي سىرىم بار. خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ. »

مەلىكە يەنە ھەممەيلەننىڭ كۆزىگە سۈرمە تارتىشنى بۇيرۇپتۇ. ھەممەيلەن دىۋە ـ پەرىلەرنى كۆرۈپ قورقۇشۇپ كېتىپتۇ. كۈھقاپ مەلىكىسى ئۇلارغا قاراپ سوئال سوراپتۇ:

« ئەي پادىشاھ، سۇمۇرغنىڭ ياردىمى بىلەن زەر شەھرىگە بېرىپ مەندىن قورقماي زەررىن تۇخۇنى ئېلىپ كەلگەن كىشى كىم؟ راستىنى ئېيتىڭلار، كۆردۇڭلارمۇ مۇنۇ دىۋىلەرنى، بۇيرۇق بېرىدىغان بولسام تېنىڭلارنى پارە ــ پارە قىلىۋېتىدۇ. زەر شەھرىگە كىم باردى؟ زەررىن تۇخۇنى كىم ئېلىپ كەلدى؟ »

« مەن ئېلىپ كەلدىم! » دەپتۇ چوڭ شاھزادە.

« قانداق ئېلىپ كەلدىڭ؟ »

« مېنىڭ بىر يۇگۈرۈك ئېتىم بارئىدى. شۇنى مىنىپ بارغانتىم. »

مەلىكە زەررىن توخۇغا قاراپتۇ.

« يالغان ئېيتىدۇ » دەپتۇ زەررىن توخۇ.

«ئەمدى نېمە دەيسەن يىگىت؟ » دەپتۇ مەلىكە.

« مېنىڭ سۆزۈم راست » دەپتۇ چوڭ شاھزادە. مەلىكە ئوتتۇرانچى شاھزادىدىن سوراپتۇ:

كۆرۈنمەپتۇ.

«بۇ نېمە ۋەقە؟ بۇئىشنى كىم قىلدى؟» دەپ ۋارقىراپتۇ مەلىكە.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر پادىشاھقا شۇنداق دەپتۇ:

«ئەي پادىشاھى ئالەم! بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى زاماندا ئۆتكەن مۇنەججىملەر: كۇھىقاپ مەلىكىسى ئادەمزات بىلەن جۈپ بولىدۇ. بىر ئادەم پەرزەنتى بۇ يەرگە كېلىپ مەلىكىنى تەسەررۇپ قىلىپ، زەررىن تۇخۇنى ئېلىپ كېتىدۇ، دېگەنىدى. بۇ ئىش شۇنىڭ ئىشى بولمىغاي.»

مەلىكە دەرھال قولىغا قارىسا ئۆز ئۈزۈكىنى ئېلىپ كېتىپ، باشقا بىرىنىڭ ئۈزۈكىنى قولىغا سېلىپ قويۇپتۇ. مەلىكە سىياھ ۋە قەغەز كەلتۈرۈپ مۆھۈرنى بېسىپ قارىسا «شاھزادە مەلىك ھەسەن نىشاپۇرى» دېگەن ئىسىم چىقىپتۇ.

«بۇ نېمە دېگەن نومۇس، نېمە دېگەن ئەلەم!» دەپ ۋارقىراپتۇ كۇھىقاپ مەلىكىسى شۇ زامانلا. ئۇ دەرھال بۇيرۇق بېرىپتۇ. 90 مىڭ قارا دىۋە، 90مىڭ پەرى ۋە 90 مىڭ جىن مەلىكىنىڭ تەختىنى كۆتۈرۈپ نىشاپۇر شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. زەررىن تۇخۇ شۇ چاغقىچە كۇلمىگەنىكەن. ئۇ كۇھىقاپ مەلىكىسىنى كۆرۈپ كۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن دەستە ـ دەستە گۇللەر ئېتىلىپ چىقىپ، ئەتراپقا چاچراپتۇ. پادىشاھ ئەجەبلىنىپ، «بۇ زەررىن تۇخۇ شۇ چاغقىچە كۇلمىگەنىدى. بۇگۇن نېمە سەۋەبتىن كۇلگەندۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما دىۋە ـ پەرىلەر ئۇنى كۆرسىمۇ، ئۇ دىۋە ـ پەرىلەرنى كۆرمەيدىكەن. لېكىن غايىبتىن ھەممەيلەننىڭ قۇلىقىغا ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلانغاچقا ھەممەيلەن ھەيران بولۇشىدىكەن.

«پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كۆزىگە سۇرمە سۇلايمانى تارتىڭلار» دەپ پەرمان بېرىپتۇ كۇھىقاپ مەلىكىسى پەرىزاتلارغا. پەرىزاتلار ئىككى شاھزادىنىڭ كۆزىگە سۇرمە سۇلايمانى تارتىپتۇ.

« سەن نېمە دەيسەن يىگىت ؟ »

« زەر شەھىرىگە مەن بارغانىدىم، زەررىن توخۇنى مەن ئېلىپ كەلگەنتىم. »

« قانداق ئېلىپ كەلدىڭ ؟ »

« مېنىڭ بىر پىلىم بار ئىدى. شۇنى مىنىپ بارغانىدىم، سەن سەزمىدىڭ » دەپتۇ ئوتتۇرانچى شاھزادە. مەلىكىنىڭ قەھرى - غەزىپى تۇتۇپتۇ. دىۋىلەرگە بۇيرۇق قىلغانىكەن، ئۇ ئىككى شاھزادىنى پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ.

« راستىنى ئېيتقىن، سېنى كىم ئېلىپ كەلدى ؟ » دەپ سوراپتۇ مەلىكە زەررىن توخۇدىن.

« مېنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنى پالانى يەردە قۇدۇققا تاشلىدى » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ زەررىن توخۇ.

« ئەي پادىشاھ ! - دەپتۇ مەلىكە پادىشاھقا، - ئىككى بالاڭنى بىھۇدە ئۆلتۈردۈم. ھەر كىم ئۆز قېرىندىشىغا شۇنداق بەتنىيەتلىك قىلسا ھەرقاچان ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ. »

مەلىكە پەرمان بېرىپتۇ، دىۋىلەر شۇ ھامان بېرىپ مەلىك ھەسەننى قۇدۇقتىن چىقىرىپ ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىكەن. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. مەلىكىمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭدىن يول جاپاسى ۋە ئاكىلىرىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى سوراپتۇ. مەلىك ھەسەن ئۆتكەن ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر بايان قىپتۇ. مەلىك ھەسەن پادىشاھنىڭ تەختىگە چىقىپتۇ ۋە شەھەرنى جابدۇپ 40 كېچە - كۈندۈز توي تاماشا قىلىپ كۈھىقاپ مەلىكىسىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. دوستلىرى شاد ۋە دۈشمەنلىرى غەمكىن بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ھېكايىلەر ئۆلاردىن بىزگە يادىكار قالغانىكەن.

责任编辑：艾克拜尔·艾力
封面设计：加拉力丁·拜克拉木

加密吾勒黑卡牙特　（维吾尔文）
尼麦土拉　编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
喀什日报社印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本　6.25 印张　2 插页
1981 年 12 月第 1 版　1998 年 8 月第 2 次印刷
印数：25,001—30,000

---

ISBN7—228—04684—6/I·1750　定价：8.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

## جامىئۇل ھېكايەت

تۈزگۈچى: نېمىتىللا خان ھاجى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 6.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1981 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 8 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 30,000 — 25,001
ISNB7—[illegible]—6/I · 1750
باھاسى: 8.00 يۈەن